# ئاق ئەتىرگۈل

(پوۋېست)

راخمانجان ئاۋۇت (ئۆزھال )




## - (1) -

رۇخسار ئۆيگە كەلگەندە تام سائىتى كەچ سائەت ئونغا داڭ ئۇرغاندى . دادىسى دوختۇرخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغىچە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە ئىش پۈتكەندىن كېيىن تامغىنى يەپلا ئۆيگە ئارانلا كىلىۋالدى . ئانىسى دادىسىغا ھەمرا بولۇپ قالماقچى

بولغاندى . بىراق يىرىم سائەت ئۆتمەيلا ئانىسمۇ يىتىپ كەلدى . ئاپىسى ناھايتى مۇڭداشقاق ، ئوچۇق يورۇق ئايال بۇلۇپ بۇ يىل ئاتمىش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ يىشىدىن ياش ھەم تىتىك كۆرىنەتتى.

ـ قايتىپ كەپسەنغۇ ئانا ؟ دىدى روخسار ئانىسنىڭ قايتىپ كىلىشىنى خالىمىغاندەك ھسىيات بىلەن .

ـ بۈگۈن دوختۇر ئۆزى كۆزىتىدىكەن . ياتىدىغان يەرنىڭ تايىنى يوق . ئۆيگە بىرىپ ئارام ئىلىڭ دەپ يولغا سىلىپ قويدى . دۇنيادا ياخشى ئادەملەر كۆپ جۇمۇ دەپ قويدى ئانا ئۆز ئۆزىگە . ئانىسى ئۆيگە كىرىپلا پىشانىسىدىكى مۇنچاق تەرلىرىنى سۈرتكەندىن كىيىن . ئۇ ئۆزى ئۇچۇن يىڭىدىن راسلانغان كارۋاتقا كىلىپ ئولتۇردى ئانا ھاسراپ تۇرۇپ . ئۆي ئۇچىنچى قەۋەتتە بولسىمۇ پەلەمپەي تىك بولغاچقا مىڭىپ چىققىچە ياش ئادەممۇ خىلى قىينىلاتتى . قىزىنىڭ غەمكىن تۇرقىنى كۆرگەن ئانا روخسار ئويلىسلا بىشىغا غەم چۈشىدىغان گەپنى باشلىدى .

ـ مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كىتەرسەنمۇ بالام . يىشىڭمۇ بىر يەرگە باردى دەپ ئەمدى گىپىنى باشلاپ بولغىچە روخسار ئانىسنىڭ گىپىنى ئۈزۈپلا :

ـ سىنى كىلىدۇ دىگەننى ئاڭلاپلا بۇ گەپنى سورىسا نىمە دەرمەن دەپ بىشىمغا غەم چۈشكەن بولدى بۈگۈن گەپ قىلمىغىنە . بىشىم ئاغرىۋاتىدۇ دىدى روخسار ھارغىنلىق بىلەن كارۋاتقا قايتىدىن ئۈزىنى تاشلاپ .

ئانا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى

ـ خۇدايىمدىن بەختىڭنى بىرەر دەپ شۇنچە تىلىگەن بولمىسا ـ دىدى ئانا قىزىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇۋىتىپ .

ـ ماڭا بەخت تىلىمەي ئۆزۈڭگە تىلىگىنە بولدى دىدى روخسار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىچە .

ـ سەن دادام بىلەن توي قىلغىلى نەچچە يىل بولدى ؟  سورىدى روخسار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنچە ئانىسىغا تىكىلىپ قاراپ .

ـ قىرىق يىللار بولغاندۇ دېدى ئانا قوللىرى بىلەن بىردەم ھىساپلىغاندىن كېيىن . ئەمەلىيەتتە ئۇ توي قىلغىلى نەچچە يىل بولغانلىغىنى ئېنىق بىلمەيتتى .

ـ سەن بەختلىكمۇ دېدى روخسار ئارقىدىنلا

ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى . ئۇ نىمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن:

ـ نىمە دېمەكچىسەن ؟دېدى قىزىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالمىغاندەك قاراپ تۇرۇپ كىتىپ .

ـ ھە مانا دېدى روخسار ـ دېمەك سەن بەخىت ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغان ھەم بىر ئەرنىڭ ئايالىنى بەختلىك قىلىدىغانلىغىنى ھەم بەختلىك قىلسا قانداق بۇلىدىغانلىغىنى ، بىر ئايالنىڭ قانداق تۇرمۇشتا ياشسا ئاندىن ئۆزىنى بەختلىك ھىساپلايدىغانلىغىنى بىلمەيسەن .

ئانا جىمىپ كەتتى

جىمجىتلىقنى خالاپ تۇرغان روخسار ئورنىدىن تۇرغانچە ئانىسىغا ئاياپ ئولتۇرماي كالللىسىغا كەلگەن گەپنىڭ ھەممىنى قىلىش نىيتىگە كەلگەندى .

ـ دادام ھىلىمۇ ھاراق ئىچەمدۇ ـ دەپ سوردى روخسار .

ـ ئىچىدۇ دېدى ئانا ئۆلۈغ كىچىك تىنىپ .

ـ ھىلىمۇ قىمار ئوينامدۇ ؟ دېدى روخسار يەنە ئانىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ

ـ ئوينايدۇ دەپ جاۋاپ بەردى ئانا .

ـ ئۇ ھىلىمۇ سىنى ئۇرامدۇ ؟  دەپ سورىدى روخسار يەنە ، ئانا ئۇنىڭ سۇئاللىرىغا بەرداشلىق بىرەلمەي قىلئۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ ئۆمچەيگىنچە بىشىنى لىڭشىتتى .

ـ ئەمدى ماڭا قىلىدىغان باشقا گېپىڭ بارمۇ ؟ بولمىسا ئارام ئال. بىكار سىنى خاپا قىلىپ قويىمەن دىدى. روخسار يەنە كارۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ .

ئانا سۈكۈت ئىچىدە كارۋاتقا چىقتى .

كۆڭۈلسىزلىك بىلەن باشلانغان سۆھبەت يەنە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى . ئانا كارۋاتقا چىقىپ بىر دەمدىلا ئۇخلاپ قالدى . نەچچە مىڭ كىلومىتىر يولنى ئاپتۇز بىلەن بېسىپ كېلىپ يەنە بىر مۇنچە ئىشلار بىلەن ھەلەك بولۇپ دەسسەپ تۇرماق تەس ئىدى . بىراق ئانىنىڭ تىنى ساغلام كۆرىنەتتى . جاپا تارتىشنى ئەزەلدىن ئۆزىگە خوپ كۆرگەچكە كۈندىلىك ئىشلاردىن پەقەتلا قاخشىمايتتى . مەن ئايال جاپا چېكىش مەن ئۈچۈن ھەق دەپ قارايتتى . ئەگەر روخسار ئۇنىڭ ئورنىدا بولسا ئاللىقاچان يىقىلىپ قالاتتى .

روخسار ئانىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كىيىن ئۇنىڭ يوتقانلىرىنى يېپىپ قويۇپ ئاندىن كارۋىتىغا چىقىپ ياتتى . لىكىن بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى كەلمىگەندىن كىين ئىچى سىقىلىپ كيىملىرىنى كىيىپ سىرىتقا چىقىپ كەتتى . ئانا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندى شۇڭا ئۇ روخسارنىڭ چىقىپ كەتكەنلىگىنىمۇ تۇيماي ئۇخلاپ قالدى .

روخسار ئادىتى بويىچە مەھەللىگە يىقىن مۇزىكىلىق مەيخانىغا كىرىپ ھاراق ساتىدىغان ئايالنىما باتەيگە قويۇلغان بوش ئورۇندۇقنىڭ بىرگە كىلىپ ئولتۇردى . شەرەپ بۈگۈن ئىشلىگەن بولۇپ ئۇنى كۆرۈپ ئاستا يىنىغا كەلدى . ـ ئۇيقۇ يەنە كەلمەپتۇ دە دىدى شەرەپ ئۇنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ .

ـ شۇنداق ئۇيقۇم قاچتى دىدى روخسار سۇغۇقلا قىلىپ .

ـ ئەمسە بىر نەچچىنى ئىچىڭ دىدى. شەرەپ تۇۋەندىن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى چىقىرىپ روخسار ماقۇل دىگەنچە بىشنى لىڭشىتقاچ ئەتراپقا قارىدى . شەرەپ خىلى

قاملاشقان لىكىن پۇلى يوق . قاچانلا قارىسا پۇل تاپىدىغان چوڭ پىلانلارنى قىلىپ يۈرۈيدىغان خىيالى لىكىن غەيرەتسىز يىگىت بولۇپ روخساردىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئىدى . ئۇ روخسار بىر قىتىم مەس بولۇپ قالغاندا تونۇشۇپ قالغان بولۇپ شۇ كۈنى روخسار بىلەن قونۇپ قالغانىدى . شۇنىڭدىن بىرى ئىككىسى ئىزچىل ئارىلىشىپ كىلىۋاتقان بولۇپ روخسار ئۇنىڭدىن بىر ئاز زىرىكىش ھىس قىلىپ قالغانىدى . بىراق شەرەپ روخسارغا ئامراق ئىدى . چۈنكى ئۇ شەرەپتىن پۇل تەلەپ قىلمايتتى . تەييار ئۆيى بار ياتاق ئىلىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق . يەنە كىلىپ ئۇ يەنىلا چىرايلىق . ھىچقانداق چىقىمسىز بىر ئايالدىن بەھىر ئىلىش شەرەپكە ئوخشاش قۇرۇق خىيالغا باي لىكىن ئەمەلى ئىقتىزادى يوق زىيالىيلارغا تازا ياقىدىغان ئىش ئىدى . روخسار نەچچە كۈندىن بىرى كەلمىگەچكە شەرەپ ئۇنى سىغىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ئۇ روخسارنى كۆرۈپ ئىچ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭغا شوتلاندىيە ۋىسكىسىدىن بىر رۇمكا تەڭشەپ بەرگەندىن كىيىن روخسارنىڭ گۈزەللىگىدىن ھۇزۇر ئالغاچ ئىشلەۋاتاتتى . روخسارنىڭ خىيالدا ئەرلەر ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغاندا ئالدىدا مۈشۈكتەك سۈۋۈشۈپ كىتەتتى ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە پىخسىق ئادەممۇ پۇلنى سۇدەك خەجلەيتتى . بىراق ئۇ ئۆزىنى بىر قىتىملىق تازلىق قەغىزىدەك ، ئىشلىتىپ بولۇپلا تاشلىۋىتىشكە تىگىشلىكتەك بۇيۇمدەك ھىس قىلاتتى . ئۆزى بىرەرسىگە مۇھتاج بولغاندا ھىچكىمنى تاپالمايتتى . يالغۇزلۇق ۋە غىرىپسىنىش ئۇنى ئۇزاقتىن بۇيان قىيناپ كەلگەندى . ئۇ ئەرلەردىن شۇنچىلىك بىزار بولۇپ تۇرسىمۇ لىكىن يەنە يالغۇزلۇقتىن قورقۇپ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئىزدەيتتى . لىكىن ئەرلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر قىتىم بىللە بولغاندىن كىينلا تاشلاپ كىتىپ قالاتتى . شەرەپ ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەتلا ئەركەك جىنسلىق بىر ئادەم ئىدى . باشقا ئەرلەردىن پەرىقلىنىدىغان ھىچقانداق يىرى يوق بىر ئەر كىشى ئىدى خالاس . سەھنىدە بىر يىگىت توپىدىن ئايرىلغان قوزىدەك

كۆڭلى يېرىم قىياپەت بىلەن گىتتارنى ياۋرۇپانىڭ لىرىك موزىكىسىدىن بىرىگە چىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توپ قىز يىگىتلەر تانسىغا چۈشكەن بولۇپ ۋال ۋۇل چىراقنىڭ نۇرىدا ئۇلارنىڭ تىنى ئالۋۇندەك گاھ كۆرۈنۈپ گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى . روخسارنىڭ كۆزىگە ھەممىسى روھىنى يوقاتقان قورۇق بەدەنلەردەك كۆرۈندى شەرەپ روخسارنىڭ بىر رومكا ھاراقنى ئىككى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەنلىگىنى كۆرگەندىن كىيىن ئۇزۇن رومكىدىن بىرنى ئېلىپ روخسارغا يەنە بىر رومكا قويدى . روخسار ئاچچىق ھاراقنى يەنىلا بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى .

شەرەپ روخسارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەنچە ـ پەيلىڭىز يامانغۇ ؟ مىنى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىدىغان ئوخشىمامسىز ؟ دېدى ئۇ شاللاقلىق بىلەن ھىجىيىپ .

ـ ئۆيدە ئانام بار، بۈگۈن قاملاشمايدۇ دېدى . روخسار ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ .

ـ ئۆينى مەن تاپاي دېدى .شەرەپ ئۇنىڭغا كىرىشىۋالغانچە .

روخسار شەرەپنىڭ سوئاللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەستەن پەرۋاسىز قىياپەت بىلەن ئولتۇرۇپ :

ـ قىنى ھىلىغىچە بىر گەپ بولسۇن دىگەنچە سەھنىگە كۆز تىكتى

ئۇ بىر ئولتۇرغانچە ئۆزىنىڭ تۈگىمەس خىياللىرى بىلەن ئولتۇرۇپ كىچە سائەت ئىككىگىچە ئىچتى . ئۇ ئەسلىدە ھىچ نەرسىنى سەزمىگەندەك ئازاپلىق خىياللىرىدىن نىرى بولۇش ئۈچۈن كەلگەندى . شۇڭا ئۇ ئۆزى ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ خىلى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە مەس بولغىنىدىن ئۆرە بولالمىغىدەك ھالغا كىلىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا كۆچەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىش ئىشىگى تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

شەرەپ ئۇنىڭ كەتمەكچى بولغانلىغىنى كۆرۈپ سەل توختاڭ بىللە كىتەيلى دېدى ئۇنىڭغا جىددىلىك بىلەن .

بۈگۈن ئۆيدە ئانام بار دېدى چىقىپ كىتىۋاتقاچ ئۇ تىك تۇرالماي قىلىۋاتقان بولسىمۇ

ئانسىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغاندى .

شەرەپ بىر دەمدىلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ يولغا چىقىپ ئەمدىلا ماشىنىغا چىقاي دەپ قالغان روخسار بىلەن بىرگە ماشىنىغا چىقتى ماشىنا قوزغىلىشى بىلەن شەرەپ روخسارنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى . لېكىن روخسار تىنى بىلەن ئالىلقاچان مۇناسىۋىتى قالمىغاندەك ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا باشلىدى . شەرەپ ئۇنىڭ مەس بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى مۆرىسىگە قويىۋالدى . ئۇلار بىردەمدىن كېينلا ئۆيگە يېتىپ كەلدى . روخسارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقاۋاتقان ئايالىلىق ھىدى شەرەپنىڭ كۆڭلىنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋەتكەچكە كۆڭلىدە شەيتان قۇتىرىغان شەرەپ ئۇنىڭ ئۆيدە ئانام بار دېگەن گېپىنى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ دەپ چۈشىنىپ قالغاندى . شۇڭا ئۇ روخسارنى يۆلگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرۋېلىپ مەخسىدىگە يەتمەكچى بولغاندى . لېكىن ئۇ بىنادىن كىرىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاقىتى تاق بولۇپ روخسارنى تامغا يۆلەپ سۆيىۋالدى . روخسار خىلى سەگىپ قالغاندى . شۇڭا ئۇ شەرەپنىڭ گىلىدىن ئىترىۋەتتى . شەرەپنىڭ ئاچچىغى كېلىپ ئۇنىڭغا ۋاقىراپ كەتتى . روخسار ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ بىر دەم ئاچقۇچنى ئىزدىگەندىن كىين ئىشىكنى چېكىشكە باشلىدى .

ئانا ئۇخلاپ قىتىپ كەتكەندى . بىر چاغدا ئىشىكنىڭ ئالدىدا روخسارنىڭ بىر ئەر بىلەن ۋاقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى .

- پەقەت بىر قېتىملا . بىر دەمدە كېتىمەن دىدى ئەر ئۇنىڭغا

- يوقال دىدى روخسار ۋاقىراپ . بۈگۈن ئۆيدە ئانام بار دىدىمغۇ . بولمايدۇ دەيتتى .روخسار بىردەمدىن كىين بىر ئىتنىڭ ئۇنلۇك قاۋىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ يەنە پەسىيپ قالدى .

بىر چاغدا ئىككىسىنىڭ سۆرەشكەن ، يىقىلغان ، بىر ئاۋازلىرى ئاڭلاندى . ئانا ئاستا

ئورنىدىن تۇرۇپ چىراقنى ياندۇرغاندىن كېيىن ئەشكىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئىشك ئۆرۈلگەندەكلا بولۇپ قاتتىق ئېچىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تەككىلى تاس قالدى . روخسار ئانىسىغا پەرۋا قىلمايلا بىرىپ كارۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوغرىدەك ماراپ تۇرغان شەرەپ روخسارنىڭ ئانىسنى كۆرۈپ ئاستا ئۆزىنى ئوڭشاپ .

ياخشىمۇ سىز ؟ دىگەندىن كېين ئانىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ھەيران قالغانچە ھاڭۋىقىپ قالغىننى كۆرۈپ ئاستا كۆزدىن غايىپ بولدى . روخسار ئۇيقۇغا كەتكەندى . ئانا ئەشكنى مەھكەم تاقاپ ئاستا كىلىپ ئۇنىڭ بىشنى سىلىغانچە يىنىدا ئولتۇردى . بىچارە قىز غەرىق مەس بولۇپ ئانىسىنىڭ بىشدا ئولتۇرغانلىغىنى سەزمەيتتى . ئۇ چىراق يورىغىدا قىزنىڭ ئۇخلاپ ياتقان تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانچىغانلىغىنى . كۆز ئەتىراپىدىكى قورۇقنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىغىنى سەزدى . بىچارە قىزىم توي قىلىۋالساڭ ياخشى بولاتتى . ھاياتنىڭ جاپاسىنى بىللە تارتىدىغان ئادەم بولغان بولسا بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەيتتىڭ دىدى ئۇ ئىختىيارسىز ئۇخلاپ ياتقان قىزغا قاراپ . ئانا قىزنى ھاراق ئىچىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى . شۇڭا ئۇ بىر تۇرۇپ قىزنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ نەپرەتلىنەتتى . مەن ئانا بولۇپ ئەرلەرمۇ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان مۇشۇ نەرسىنى ئىچىدىغان بىر قىزنى تەربىيلەپ چىقتىممۇ دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەمگىكى بىكارغا كەتكەندەك ھىسيات بىلەن قىزنىڭ ئۇخلاپ ياتقان ھالىتىگە قاراپ ئۈچىناتتى . ئانا بىر ئۇزۇن تەگسىز خىياللار بىلەن قىزنىڭ بىشدا ئولتۇرۇپ كارۋىتىغا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى .

ئانا ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ ئاشخانىنىڭ قالايمىقان مەينەتلىگگە كۆزى چۈشۈپ ئۇنى بىر دەم تازلاپ يىغىشتۇردى .كونا توڭلاتقۇ قۇرۇق بولغاندىن سىرىت ئاشخانا ئۆيدە ناشتا قىلغىدەك ھىچ نەرسە بولمىغاچقا ئاشخانىنى تازلاپ بولۇپ قىزنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتنىڭ ئۇچى بىلەن مىڭىپ پەم بىلەن

ئىشكنى تاقاپ بىنادىن چۈشتى . ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە پەلەمپەينىڭ ئالدىدا بىر بۆرە ئىتنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ۋاقىراپ تاشلىدى . ئۇنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇدۇلدىكى ئوچۇق ئىشكتىن بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى . ئۇ مومايدىن ئەپۇ سورىغاچ ئىتنى سۆرەپ ئۆيگە كىرگۈزۋەتكەندىن كىيىن ئارقىغا قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان ئانىنىڭ ئارقىسىدىن كىلىپ

يۈرۈڭ مەن سىز بىلەن بىللە چۈشەي دەپ ئانا بىلەن بىللە بىنادىن چۈشتى . بىنانىڭ دەرۋىسى چىقىلغان بولسىمۇ لىكىن كۈنگە تەتۈر بولغاچقا يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى . شۇڭا بوۋاي ئىختىيارسىز ئانىنى قولتۇقلىۋالدى . ئانا بوۋاينىڭ ئۆزىنى قولتۇقلىشىنى پەقەت ئۆزىنى قىرى كۆرۈپ بۇ ناتونۇش يەردە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن دەپلا چۈشەنگەچكە غەيرىلىك ھىس قىلمىدى . ئانا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ گويا ئىككىسى بۇرۇندىن تونۇشىدىغاندەك ئىللىق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ھاياجاننى ئۇنتۇپ كەتكەن يۈرىكىگە كىلىپ تىگىۋاتاتتى . ئۇلار سۈنۇق دەرىزىلىرىدىن تارام – تارام نۇرلىرى ئىچىدە بىر جۈپ پەرىشتە ئۇچۇپ زىمىنغا چۈشكەنگە ئوخشاش ئاستا سىيرىلىپ تۆۋەنگە چۈشتى . ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ چوڭ يولغان چىقتى . يولنىڭ قارشى تەرىپىدە بىرىنچى يولنىڭ ئاپتۇزى بۇلۇپ ئاپتۇزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىكىتى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا توختايتتى .

– نەگە بارسىز دىدى بوۋاي ئانىغا تىكىلگەنچە .

– دوختۇرخانىغا . لىكىن دوختۇرخانىغا بىرىشتىن ئاۋال ناشتىلىق ئىلىۋىلىشىم كىرەك دىدى ئانا .

– يىقىن ئەتراپىتا بىر ياخشى ئاشخانا بار يۈرۈڭ مەن باشلاپ باراي دىدى بوۋاي سۈكۈتسىزلا .

– ياق بولدى دىدى موماي . مەن ئۆزۈم بىرىۋىرەي سىزنى ئاۋارە قىلماي دىدى تۇرۇپ

قىلىپ بىراق بوۋاي چىلك تۇرۇۋالغاچقا ئانا ئۆنىڭ بىلەن بىللە ئاشخانىغا باردى . ئىككىلىسى يولدا بارغىچە بىر ـ بىرىگە ئارتۇق گەپ قىلىشمىدى . لېكىن بوۋاي زىرىكىشتىن ئۆلەي دەپ قالغاچقا ئۇنىڭغا تۇگمەيدىغان گېپى باردەكلا قىلاتتى . ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن موماي بىكەتكە بىرىپ ئاپتوبۇزغا چىقتى . بوۋاي قەدىناس يولدىشىنى ئۇزىتىۋاتقاندەك قايغۇلۇق كەيپىيات بىلەن قولىنى كۆتۈرگەنچە بىكەتتە قالدى . موماي يولدا بارغىچە بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى ياش چىغىدا ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر خىل مىجەزنى كۆرگەندەك بولۇپ قالغاندى . ئۇ ئاپتوبۇزغا چىقىپ دۆڭكۈرۈۋۈك بازىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ بازارنىڭ ئالدىدا كۆشكەنچە ياتقان تۇگمگە قاراپ ئىچ ئاغرىتقانچە ئارقىسغا قايرىلىپ قاراپ قويدى . شەھەر دېگەن راستىنلا غەيرى بولىدىكەن . قۇملۇقتا ياشايدىغان هايۋاننى نەم سىمنۇتتا ياتقۇزۇپ قويغىنى نىمىسى بىچارە تۇگە دەپ ئۆزىگە سۆزلىگەچ تۇيۇقسىز قىزىنىڭ ئاخشامقى ئەهۋالىنى ئەسلەپ ئاچچىغى كىلىپ كەتتى . ئانا بىر تۇرۇپ قىزىغا ئىچ ئاغرىتسا يەنە بىر تۇرۇپ هەر هالدا ئۇنى ئىزدەيدىغان ئەرلەر بار ئىكەن . بىر كۈنلەردە مۇشۇنداق بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ خۇشال بولدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىر قىزنى قۇچىقىغا ئىلىۋالغان بولۇپ ئادەملەر سەللا قىستىلىپ كەتسە يىگىت قىزنىڭ ئالمىدەك قىزىل چىرايلىق مەڭزىگە سۆيۈۋالاتتى . قىز نازلىنىپ يۇمشاق قوللىرى بىلەن يىگىتنىڭ پىشانىسىنى ئىتتىرىپ قوياتتى . موماي نىمە ئالامەت بۇ دەپ يەنە سىرتقا قاراشقا باشلىدى . قىز يىگىتنىڭ بەختلىك هالەتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىللىق بىر سىزىم پەيدا قىلدى . لېكىن نىمە بولۇپ كەتتى بۇ ئادەملەر شۇنچە ئادەم بار يەردە هېيىقماستىن سۆيۈشۈپ دەپ ئويلاپ يەنىلا سىرتقا قارىۋالدى . ئاسمان پەلەك بىنالارنىڭ ئاستىدا ئادەملەر خۇددى ئەرزىمەس قۇرۇتتەك ئۇيان بۇيانغا خوشياقماسلىق بىلەن مىڭىشىپ يۈرەتتى . ئۇ بىكەتتىن چۈشۈپ

يەنە ئەرزىمەس خىياللار بىلەن بۆلۈپ ئىرى ياتقان بىناغا بارىدىغان يولدىن ئىزىپ قالغاچقا ئوماققىنە كەلگەن دوختۇر يىگىتتىن سورۇشتۇرۇپ يۇرۇپ ئىرى ياتقان ياتاقنى ئاران تاپتى . ئۇ دوختۇرخانىغا كەلگەندە ئەتتىگەن سائەت ئون بولغاندى . سابىر بوۋاي ئۇنى ساقلاپ تاقىتى تاق بولغاچقا ئاچچىغىدا قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەندى ئانا ياتاققا كىرگەندە بوۋاي يالغۇز بۆلۈپ ئۇ كىرىشگىلا ئادىتى بويىچە يىقىنراق كەل دىدى ئانىغا گۆلىيىپ قاراپ . ئانا بىرسى بىلەن گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك كەيپىيات بىلەن ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يىنىغا كەلدى .

- ئەر كىشىنىڭ ھىدى كىلىۋاتىدۇ دىدى بوۋاي ئادىتى بويىچە .

- ئاپتۇزدا مەندىن باشقا ئەركىشلەر جىقكەن دىدى ئانا دىمى سىقىلغاندەك بۆلۈپ دەرىزىنىڭ ئالدىغا بىرىۋېتىپ.

بوۋاي بىر ئۆمۈر ئۇنى ئەنە شۇنداق كۈنلەپ كەلگەندى . لىكىن نەزىرىدە ئۇنىڭ ئاچچىغىمۇ بار تاتلىغىمۇ بار ئەر ئىدى . جەنۇپ تەرەپتە ئەرلەر تەلۋىلىكى تۇتقاندا خوتۇننى ئەڭ ئۆچ رەقىبنى ئۇرغاندەك خوتۇننى رەھىم قىلماي دۇمباللىيالايدىغان ۋە خوشى تۇتقاندا بازارغا ئىلىپ چىقىپ ئىككى كىيىم كۆينەك ئىلىپ بىرەلەيدىغان ئەرلەر ئەنە شۇنداق ئاچچىغىمۇ بار تاتلىغىمۇ بار ئەر كىشلەر ھىساپلىناتتى . ئانا ئۇنىڭغا ئالغاچ كەلگەن ناشتىلىقنى ئالدىغا قويدى .

- قىزنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ دىدى بوۋاي زەرىب بىلەن. ئانا ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن .

- ئۇخلاۋاتىدۇ دىدى راس گەپنى دەپ .

- ئىشلىمەمدىكەن ئۇ كۈن چۈشكىچە ئۇخلاپ ، سىنىڭ باققان بالىلىرىڭنىڭ بىرسى ياخشى ئادەم بولمىدى دىدى ئومايغا چىشلىرىنى غۇرۇچلىتىپ تۇرۇپ .

- ھازىر ناشتا قىلىڭ . كىيسىلىڭىز ئۈچۈن ئاچچىغلاش زىيانلىق دىدى ئوماي

دەرىزىدىن سىرتتقا قاراپ تۇرغانچە .

بوۋاي يەنە نىملەرنىدۇ دىمەكچى ئىدى . بىراق ئاغزىغا كەلگەن گەپنى يۇتىۋتىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى .

ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى . ئەڭ چوڭى ئوغۇل . مەكتەپتە ياخشى ئوقۇماي كىينلىكتە كۈننى ئالالمايدىغان بىر بايقۇشقا ئايلىنىپ قالدى . شۇڭا ئۇ كەيىپكە بىرىلىپ كەتتى . بىچارە ئايالى تايىنىدىغان ئەرنىڭ تايىنى بولمىغاچقا يىگىنى شمايلاپ ئوتتۇرغا چۈشۈپ بىر ئائىلىنى ئۆزىلا باشقۇرۇپ گۈللەندۇرۇپ كەتتى . ئىككىنچىسىمۇ ئوغۇل ئىدى . ئۇنىڭ تىجارەتكە ئىپى بار بولۇپ ھەر ھالدا مىدىرلاپ يۈرەتتى . لىكىن تاپقان پۇلىنىڭ تايىنى يوق ھە دىسە يامان ئىشلارغا چىتىلىپ قىلىپ پات پات تۈرمىگە كىرىپ يىتىپ چىقاتتى . ئۈچىنچىسى روخسار بولۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمىتىنىڭ تايىنى يوق . بىر يەردە ئورنى مۇقىم ئەمەس بىراق ئۆزىگە تايىنىپ ياشايتتى . ئۇنىڭ توي قىلمىغانلىقى دادىسىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرەتتى . شۇڭا ئۇ بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ قالسا بىر ئىككى ئىغىز گەپ بىلەن توختاپ قالمايتتى . موماي دەرىزىنىڭ سىرتىدىن شەھەرنىڭ مەنزىرىسىگە قاراپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ لىكىن كۆزلىرى بىلەن ئەمەس نىرۋىسى بىلەن بىر ئىشلارنى كۆرىۋاتاتتى . ئۇ ئەتتىگەنكى ھىلقى ئىتنىڭ ئىگىسنى ئەسلەۋاتاتتى . بەلكىم ئۇ يالغۇز بولسا كىرەك . خوتۇن باللىرى يوقمۇ يا ؟ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچۇرىغا بولسا كىرەك . قىرىغاندا يالغۇز قىلىش نىمە دىگەن قورقۇنۇشلۇق دەپ ئويلاپ بوۋاينىڭ تۇرقىنى ئەسلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھاياتى ئۆستىدە تۇرلۇك ھۆكۈملەرنى چىقىرۋاتاتتى . ئۇ بوۋاينىڭ پەلەمپەيدىن چۈشكىچە بولغان ئارلىقتا ھاياجان بىلەن بىلەن خۇددى كىچىك باللدەك تىترەپ كەتكىننى ئىسگە ئالغان موماي تۇيۇقسىز قىز چاغلىرىدىكىدەك پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى .

ـ زادى قوسغىڭدا جىن بار دېدى ناشتا قىلىۋاتقان بوۋاي ئۇنىڭ گۆلىيىپ قاراپ . ئانا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي بىنانىڭ ئاستىدىكى گۈلەڭگۈچتە ئويناۋاتقان ئىككى قىزغا قاراۋاتاتتى . ئۇ داۋاملىق ئۆزىنى قىرىدىم دەپ قارايتتى . جىنسىيەت ئەركىنلىگى بىلەن چەكسىز غىرىپلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەستىن جاننى ئالىدىغان بۇ شەھەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى غىدىقلاشقا باشلىغانلىغىدىن ھەيران قالاتتى .

## - (2) -

روخسار ئورنىدىن تۇرغاندا سائەت ئون ئىككى بولغانىدى . ئۇ ئانىسىنى ئىزدەپ ئاشخانا ئۆيگە قاراپ قويۇپ ئاندىن يۈزىنى يۇيۇپلا ناشتا قىلماستىن ئالدىراپلا ئىشكنى قۇلۇپلاپ چوڭ يولدىن تاكسى توسىدى . ئۇ يوك توشوش بىكىتىگە بارغاندا يەھيا ئەمدى ماشىننى قوزغاپ يولغا چىقاي دەپ تۇرغانىدى . روخسار ئۇدۇل كەلگەنچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدى . يەھيانىڭ يېنىدا يەنە بىر شوپور تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى . يەھيا دوستىدىن نۇمۇس قىلغاندەك بولۇپ روخسارنى كۆرۈپ ئىتتىكلا ماشىنىدىن چۈشتى .

ـ نەگە ماڭدىڭىز دېدى روخسار ئۇنىڭدىن .

ـ قىرغىزىستانغا دېدى يەھيا قولىدىكى لۈڭگىنى ئويناپ تۇرۇپ .

ـ مەن قانداق قىلمەن دېدى روخسار .

ـ ئۆزىڭىز بىر ئىش قىلغاچ تۇرۇڭ دېدى يەھيا يانچۇقىدىن تاماكىسنى ئىلىپ ئوت يىقىۋىتىپ .

ـ دادىسى كىم دىسە نىمە دەيمەن ؟ ئۇزۇملا بارامدىم دېدى روخسار .

ـ سىز دەڭە ئەمسە مەن قانداق قىلاي دېدى يەھيا روخسارنى مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىپ .

ـ بارماڭ . مەن بىلەن دوختۇرغا بىرىپ بالىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن مىڭىڭ دىدى روخسار .

ـ ۋاي ئاللا دىدى يەھيا ئۈنلۈك ئاۋازدا . مەن سەپەرگە ماڭماي سىز بىلەن ئۆينسام خوتۇن باللىرىمنى كىم باقىدۇ ؟ دىدى يەھيا گىپىنىڭ ئاخىرىنى كۆلكىگە ئارلاشتۇرۇپ مىنمۇ باقىدىغان ئادەم يوق ئۆزۈمنى ئۆزۈم بىقىۋاتىمەنغۇ دىدى روخسار ئەلەم بىلەن يىرىلغىدەك بولۇپ .

ـ بىراق مىنىڭ ئايالىم سىزگە ئوخشىمايدۇ . ھە راس ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئۇ يىقىندا بوشانماقچى . ماڭا پاقالاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرمەكچى دىدى يەھيا روخسارنىڭ قۇلقىغا ئىغىزنى يىقىن ئەكىلىپ ،روخسار ئۇنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىۋەتتى . ئىپلاس خۇدايىم جاجاڭنى بىر كۈنى بىرىدۇ . ئالدىرىماي تۇر . دىگەنچە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى ئۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ دىمى سىقىلىپ بىر تەرەپتىن يول ماڭغاچ بىر تەرەپتىن قوسىقىنى تۇتۇپ ئەمدىلا بىكەتنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقاي دىگەندە يەھيا ئارقىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەنچە :

ـ مانا بۇ ئوپىراتسىيە پۇلى . مەن كىلىپ يوقلايمەن دىگەنچە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگەنچە كىتىپ قالدى . روخسار پۇلنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئىتىپ يەنە بىر قىتىم تۈكۈرمەكچى ئىدى . بىراق ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ يەھيانىڭ يەرگە كىرىپ كەتكەندەك سايىسىنى كۆرەلمىدى ھەم ئۆزىدىمۇ ئۇنچىلىك ماغدۇر قالمىغانلىغىنى ھىس قىلىپ ئىزىدىلا تۇرۇپ قالدى . ئۇ يەھيا تاشلاپ كەتكەن ئىپلاس پۇلنى غەزەپ ۋە ئۆرتىنىش ئىچىدە مىجىغانچە دەرۋازىدىن چىقىپ ھالسىز قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ يولنىڭ بىر چىتىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئىسسىق ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئىقىپ ئايىقىغا تامچىلاۋاتاتتى . كۆزلىرىدىن ئىتىلىپ چىقىۋاتقان ياش كەلگۈندەك ئىتىلىپ كەلگەنچە ئۇنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ھەسرەت تۇمانلىرىنى

ئىقتىپ كىتىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇ قىتىملىق ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس ھەممىلا ئادەم ئۆزىنى ۋاي دەيدىغان لىكىن ئەستايدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغان قەدىرسىز ياشلىقى ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەت بىلەن تولغان نۇمۇسلۇق ئۆتمۇشى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى بۇرۇن قىز چىغىدا باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئەرگە تىگىشنى بىر تۇرلۇك يۇك . ياش تۇرۇپ ياتلىق بۇلۇش ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاققا كىرىش بىلەن باراۋەر دەپ ئويلىغاندى . شۇڭلاشقا كۆڭلى قاياققا باشلىسا شۇ تەرەپكە مىڭىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىگىنىڭ بىرلا ئادەمگە نىسىپ بۇلۇپ قالسا بەكلا ئىسراپچىلىققا يول قويغاندەك ھىسىياتتا بىلەن ئالدىراپ توي قىلىپ قويۇپ كىيىن پۇشايمان قىلماسلىق ئۈچۈن ئويلىناتتى . بەزى دوستلىرى توي قىلىپ بۇلۇپ بۇ كوچىدىن تىخى ئۇزۇل كىسىل قول ئۆزمىگەندى . ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىر تەرەپتە . ئايالىرى بىر تەرەپتە ئويناىتتى . ئۆزى بىلەن بىللە بولغان ئاشۇ ئەرلەرنىڭ نەچچىسىنىڭ ئايالى يوق؟ ھەممىسىنىڭ بار . شۇڭا ئۇ ئەنسىرەيتتى . ھاياتتىكى قانچىلىك ئىغىر جاپا مۇشاقەت بولسا چىدايتتىكى ئىرىنىڭ ئاشنىسى بۇلۇشنى مەڭگۇ قۇبۇل قىلالمايتتى . ئۇ تۇرۇپ ئويلاپ كىچىك چاغلىرىدا دادىسىنىڭ ئانىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىنى كۆرسىلا يىغلىغۇسى كىلەتتى . چۈنكى دادىسى چىكىدىن ئاشقان كۆڭلەمچى . ھاراقكەش ۋە قىمارۋاز بىر ئادەم ئىدى . تىخى بىر نەچچە قىتىم بۇزۇق ئايالار بىلەن تۇتۇلۇپ قىلىپ ساقچىخانىغا كىرىپ قالغاندا ئانىسى ئۇنى جەرىمانە تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالغاندى . ئۇ دادىسىدەك بىر ئادەمگە يولۇقۇپ قىلىشنى . ئۇ خۇددى دادىسىدەك ئەر كىشىنىڭ بارلىق ناچار خاھىش ۋە بۇزۇقچىلىقلىرىنى ۋۇجۇدىغا جەملىگەن بىر ئادەمگە خوتۇن بۇلۇپ قىلىشنى خالىمايتتى . شۇڭا ئۇ ھەممىلا ئەردىن ئاساسەن ئەيىپ تىپىپ كەلگەچكە بارلىق ئەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە ھەممىسىنىڭ بىر تاغاردىن ئەيىپى بىلەن ئالدىدا پەيدا بولغاچقا ئۇ تۇتقان يولۇم توغرا . چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دەپ بىر مەزگىل ياشاپ تۇراي دەپ ئويلىغاندى . لىكىن بۇنداق

«ياشاپ» تۇرۇش ئۈنىڭغا ئاسانغا چۈشمىدى . ياشلىقنىڭ ئاخىرىقى چىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ بولغىچە تەگتۇشلىرى ئىككىدىن بالىلىق بولۇپ ئۇلارنى ئايلاپ يىللاپ كۆرگىلى بولماس بولۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ نورغۇنلىرى ئائىلىسى . باللىرى . خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا ئۇ خۇددى ئۆزىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى دەملىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان سەكراتتىكى ئادەمدەك ھىس قىلىدىغان . تەگتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇپ تۈگەپ ئۆزى دۇنيادا يەككە يىگانە قالغان بىر مومايدەك ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالغاندى . شۇڭا ئۇ ئۆزى ئىچىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ھاراققا ئۈگىنىۋىلىپ ئىچ پۇشىغىنى ھاراقتىن ئالىدىغان بولۇۋالغاندى . لىكىن بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭغا نەپ بەرمىدى . ئۇ ئۆلگىدەك ئىچىپ كىملەرنىڭ قۇچىغىدا يىتىپ قالغانلىغىنىمۇ ئىلغا قىلالمايدىغان ھالەتلەردە يۈردى. ئۇ تۇيۇقسىز بىئارام بولۇپ قالسا دەرھال دوختۇرغا باراتتى . دوختۇر ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىغىنى ئىيتاتتى . ئۇ دەرھال بىر مۇنچە پۇل تۆلەپ ئوپىراتسىيە قىلدۇراتتى . ھەر قىتىم ئوپىراتسىينىڭ ئازابىدا ئىككىنچىلەپ ئىچىدىغان بولسام . ئىككىنچىلەپ ئەر كىشى بىلەن بىللە بولىدىغان بولسام دەپ قەسەم ئىچسىمۇ كۆڭلىنىڭ سۇنۇقلىغى . بىر كىملەرنىڭ زورلاشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ سالاغا بوشلىغى بىلەن يەنە بىر سورۇنلاردا مەس بولۇپ كىملەر بىلەندۇ ياتقانلىغىنى ئىلغا قىلىپ بولغىچە يەنە بويىدا قالاتتى . ئۇنىڭ ھەممىلا ئادەم قارشى ئالىدىغان تىنى ئەمەلىيەتتە كىرەكسىز ۋە بىر دەملىك ھۇزۇر سۈرۈشكە بولىدىغان ، لىكىن ئۇزۇن مەزگىللىك قولىدا تۇتۇشقا يارىمايدىغان ئەرزان مالدەك قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئاخىرى مۇشۇ ھالغا كىلىپ قالغاندى . ئۇ مۇشۇ سەۋەپتىن خىزمەتتىن ھەيدەلدى . تاللا بازىرىدا ئىشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جىنىنى بىقىپ كىتەلىسىمۇ لىكىن ھاياتتا ئۇنىڭ قايغۇلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى ئورتاق بولىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىغى ئۇنى چەكسىز دەرىتكە مۇپتىلا قىلاتتى .

لىكىن بىر يەردە ئادەم ئۆلۋاتسا بىر يەردە توي ناغىرىسى ياڭرايدىغان بۇ شەھەردە

هالىڭ نىچۇك دەپ سورايدىغان ئادىمى بولمىغاننىڭ ئۆستىگە ھەممىلا ئەر كىشى ئۇنىڭغا يىپىشىدىغان . قىز دوستلىرى ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇۋالغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلەم بولۇۋاتاتتى. چەكسىز چۆلگە كىرىپ قالغاندەك باش ئاخىرى يوق خىياللارنى قىلىشتىن ساقلىنالماي يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچەتتى ۋە مەس بولۇپ كاللىسى توكى ئۆچكەن ئۆيدەك بىر پارچە بوشلۇقتا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇخلاش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغاندى . كۆڭلى مۇشۇنداق بىئارام ۋاختىدا دادىسى كېسەل بولۇپ قالغاچقا ئەمدى دادىسىنىڭ كىسلىنى كۆتۈش بىلەن بولمىسا بولمايتتى . لىكىن دادىسى ئۇنىڭغا ئانىسغا مۇئامىلە قىلغاندەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دادىسىنى كۈرمەسلىك ئۈچۈن . ئۇنىڭ سوغۇق ۋە داۋاملىق تۇرۇلۇپ تۇردىغان قاپىغىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كىچىكلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى . بىراق ئۇنىڭ بارلىغىنى مۇشۇ جەمىيەت ۋە ئادەملەر يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا كىرەككە كىلىدىغان نەرسىلام بولسا ئادەملەر تارتىۋالدى . پايدىلاندى . ۋە يەنە تارتىۋالاتتى ۋە يەنە پايدىلىناتتى . مانا ئەمدى مۇشۇنداق بىئەپ ۋاختىدا ئۆزىنى ئۆگەي قىزچىلىكمۇ كۆرمەيدىغان دادىسى كىلىپ قالدى . ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىغىنى دادىسى ئانىسى بىلىپ قالسا بولمايتتى . شۇڭا ئۇ ئاۋال ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئاندىن دادىسىنىڭ غىمىنى قىلىشى كىرەك ئىدى .

شۇڭا ئۇ يەھيانىڭ قىشىغا بارغاندى يەھيانىڭ تولا سەپەرگە چىقىدىغانلىغىنى بىلگەچكە بۇگۈن ئىزدەپ بىرىپ كۆڭلى ئازار يىدى . مۇشۇنداق ھاقارەتلىك تۇرمۇشتا قاچانغىچە ياشايدىغانلىغىنى بىلمەي گاڭگىراش ئىچ ئىچىدىن نالە قىلىپ قاتتىق يىغلىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئۇنىڭ قىقلىپ يىغلاۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئىچ ئاغرىتقانچە يەنە ئۆز يولىغا راۋان بۇلۇشماقتا ئىدى . ئۇ بىر تونۇش بىر كىملەر كۆرۈپ قالمىسۇن دىگەن خىيالدىنمۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا

قىقىلىپ يىغلاپ بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇرخانىغا ماڭدى . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇلۇپ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بۇلۇپ يەنە ئارقىغا ياندى . ئىمكان بار تونۇشلىرى يوق دوختۇر سېپىستىرالىرى ناتونۇش بىر دوختۇرخانىغا بىرىشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ئۇ كوچىدا گىزىت سىتىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ گىزىتلەرنى بىر دەم ئاختۇرغاندىن كېيىن ئاغىرتماي بالا چۈشۈرىمىز دېگەن چوڭ قىزىل خەتلىك ئېلان بار بىر گىزىتنى قولىغا ئېلىپ پۇلنى بەرگەندىن كېيىن بىر نەچچە پارچە گىزىتنىڭ ئىچىدىن ئېلان بار بىر تالنى ئايرىۋىلىپ قالغىنىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋىتىپ قولىدا قالغان گىزىتنىڭ ئادرىسىغا قارىدى . چاڭجىياڭ يولى 33 ـ قورۇ دېگەن خەتنى كۆرگەندىن كېيىن تاكسىدىن بىرىگە چىقىپ دوختۇرخانىغا ماڭدى دوختۇرخانا يېڭى ئېچىلغاندەك تۇراتتى . ئادەملەر بۇ يەرگە ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى . ھەممىسى قىز يىگىت بۇلۇپ بەزى ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ باردەك قىلاتتى . ئۇ يەنە تونۇشلارغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئىمكان بار باشقىلارغا قارىماسلىققا تىرىشتى بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۆۋىدە يىغلىمىسىرىغان بىر ئاۋاز پەيدا بولدى . ھەدە ماڭا ياردەم قىلامسىز دېدى ئىنچىكە بىر ئاۋاز.

نىمە ئىش دېدى روخسار غىرىپلىق بىسىپ ئۆتىلىپ چىقاي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىنى قىزدىن يوشۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلسا بەك ئاغرىمدۇ سىزمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرامسىز ياكى دوختۇرمۇ دېدى قىزچاق تارتىنغان لېكىن ئىلاجسىز قالغان كەيپىيات بىلەن.

ئۇ نىمە دىيىشنى دەرھال بىلەلمەي نىمە ئوپېراتسىيە قىلدۇراتتىڭىز دېدى قىزغا قاراپ قىزچاق ئەمدى ئون يەنە ئون سەككىزنىڭ قارىسنى ئالغان بۇلۇپ تۇرقىدىن سەبىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا يىقىنراق بىر يەردە قىز بىلەن تەڭتۇش بىر يىگىت سارغايغانچە ئۇنى نىمە دەيدىكىن دېگەندەك قىلىپ ئىغىزىغا قاراپ تۇراتتى . قىز

روخسارنىڭ گېپىگە جاۋاپ بىرىپ بۆلالماي تىلىقىپ يىغلىغانچە ئۆزىنى روخسارنىڭ قويىنغا تاشلىدى . يۇمران بىر تەن . ئۆزىگە ئوخشاشلا گۇناھسىز بىر بىر قىزنىڭ ئىسسىق تىنى ئۇنىڭغا يىپيېشىپ روخسارنى تىخىمۇ بىئارام قىلىۋەتسىمۇ ئۇ ئامال بار ئۆزىنى تۇتىۋىلىپ قىزغا تەسەللى بىرىش ئۈچۈن يىغلىماڭ  بولدى يىغلىماڭ بىر دەمدىلا ئىش پۈتىدۇ دىيەلىدى ئارانلا . ئۇ قىزنىڭ ناتىۋان تۇرقىدىن ئۆزىنىڭ تۇنجى قىتىم بويىدا قالغاندا ئازاپ تارتقان مەزگىللىرىنى ئەسلەپ ئازاپ چەكسە بۇنداق ئازاپ چەككەن ئادەمنىڭ تۇنجىسى ياكى ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەسلىگىنى ھىس قىلىپ يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىگە تەسەللى بەردى .كۆڭلىدە توي قىلماي دۇنيادا مەنلا ئەمەسكەنمەن .دىگەن غالىپلىق تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرۈپ قىزنى بەزلگەن بۇلۇپ ئۆزىنى بەزلەشكە باشلىدى . ئارىدىكى زىرىكىشلىك كەيپىياتنى بۇراش ئۈچۈن ئۇ قىزدىن ـ ئوقۇمسىز دەپ سورىدى . ـ شۇنداق دىدى قىز شەلپەردەك قىزارغانچە .

ـ قايسى مەكتەپتە دىدى روخسار ئۇنىڭدىن باشقا بىر سۇئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئازابىنى بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن .

ـ سەنئەت مەكتەپتە دىدى قىز يىغىدىن سەل پەس بۇلۇپ .

ـ ئاتا ئانىڭىز بۇ يەردە ئەمەسمۇ دەپ سورىدى روخسار .

ـ ئاتا ئانام يەكەندە دىدى قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ .

ـ بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭىز دەپ سورىدى روخسار قىزنىڭ يىشىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ كىچىكلىگىنى ھىس قىلىپ .

ـ بۇ يىل ئون ئالتىگە كىردىم دىدى قىز .

روخسار ئەمدى ئۇنىڭدىن سورايدىغان گەپ قالمىغاندەك ھىس قىلىپ يەنە بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى . سىزمۇ مۇشۇ ئىشقا كەلدىڭىزمۇ دىدى قىز ئۇنىڭغا تەبئىلا بىر خىل قاراپ . شۇنداق دىدى روخسار ئەمدى نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىگىنى ھىس قىلىپ

ئۇ نۇمۇر ئېلىپ ساقلاپ تۇردىغانلارنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە تونۇشلار كېلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ دەپ ئويلىغاچ قىزنىڭ سورىغان سۇئاللىرىغا جاۋاپ بىرىۋاتاتتى ، ئۇ قىزغا يالغاندىن تەسەللى بەرگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆز قىزدىنمۇ بەك قورقىۋاتاتتى . شۇڭا دوختۇر ھەر قېتىم نۇمۇر بىلەن ئادەم چاقىرىغاندا ئەنسىزلىك بىلەن قولىدىكى نۇمۇرغا قاراپ قوياتتى . ئۇ بىر كەچكىچە ئولتۇرسىمۇ نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلمەسلىكىنى ئۈمىت قىلاتتى .  بىر تۇرۇپ مۇشتەك بۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتسا ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغان لوكچەك چىراي بالىغا قاراپ يېرگىنەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتاتتى . بۇ باللار كىچىك بولسىمۇ قىلغان ئىشىغا ئىگە بولۇپ قىزلارغا ئەرگىشىپ كەپتۇ . لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تېخى بىرەر ئەر بۇ يەرگە بىللە كېلىپ باقمىغاندى . بىر چاغدا نۆۋەت قىزغا كېلىپ قىز ئوپىراتسىيە ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن روخسارىغا قاراپ قويۇپ چىرايىدا قان دىدارى يوق ھالدا خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندەك تۇيغۇ بىلەن تەسلىكتە قەدىمىنى يۆتكەپ كىرىپ كەتتى .  قىزنىڭ ئورنىدىن تۇرىشى ئۇنىڭ روھىدىكى بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بولۇپ بىر ئاز راھەتلىنىپ قالدى . ئۇ ئەمدى خەقلەر كۆرۈپ قالمسۇن دىگەن خىيالدىن نىرى بولۇپ يۈرەكلىك ھالدا ئەتراپقا قارىدى . قارىدىيۇ تۇيۇقسىز تونۇش بىر كۆز بىلەن كۆزى ئۇچۇرشۇپ قالدى . ئۇ سادىق بولۇپ بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ياخشى ئۆتكەندى . ئۇمۇ يەھياغا ئوخشاش ئۇنى بىر قېتىملىق سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ ئىككىسى خۇدىنى ئۇقمىغدەك مەس بولۇپ بىللە يېتىپ قالغاندى . بىر چاغلاردا سادىقمۇ يەھياغا ئوخشاشلا ئوپىراتسىيە پۇلىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپ ئىشكىدىنلا ئۇنى يولغا سېلىپ قويغاندى .  ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ئەمدى سادىققا قارىماسلىققا تىرىشسىمۇ لېكىن يەنە بىر شەيتىنى يېنىدىكى ئايالنى كۆرۈپ باق دىگەندەك قىلىپ يەنە قاراشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇ ئىككىنچى رەت بېشىنى كۆتۈرۈپ

قارىغاندا باشقا بىرى ئەمەس دەل ئۆزىنىڭ دوستى بولغان پەرىدەنى كۆرۈپ گىلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ نەپەس ئالالماي قالدى . پەرىدە بۇرۇن ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ ئۇ تىخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا توي قىلغان . يولدىشى جەنۇپنىڭ بىر ناھىيسگە بىر يىللىق خىزمەت بىلەن كەتكەندى . روخسار ھېچكىمگە دىمىگەن سىرىنى پەرىدەگە دەپ بەرگەن ھەم سادىق بىلەن بولغان ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسىدىن تارتىپ ناھايىتى تەپسىلى ئېيتىپ بەرگەندى . ئۇ ئەمدى يەرگە قاراي دەپ تۇرىشىغا پەرىدە ئۇنى كۆرۈپ قىلىپ يالىت قىلىپ غەزەپ بىلەن روخسارغا بىر قارىۋەتكەندىن كىين ئىتتىكلا سادىققا قارىۋېتىپ ئاندىن يەرگە قارىۋالدى . شۇ تاپتا ھەر ئىككى تەرەپ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتاتتى . ئۇلار بىر بىرگە قارىشىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە سۆزلىشىۋاتتى . روھىدا كۆرەش بولىۋاتاتتى . بىراق سادىق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۇچراشقانلىغىنى كۆرمىگەنگە سىلىپ روخسارغا ئۇدۇل كىلىدىغان كارىدۇرغا چىقىپ سىرتتىقا قارىغانچە تاماكا چىكىۋاتاتتى . روخسار پەرىدەنىڭ يولدىشى ئامان بىلەن بۇرۇندىن تونۇش بولۇپ سادىق ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئىدى . مەن پەرىدەگە ھەممە ئىشنى دەپ بەرگەن تۇرسام ئۇ نىمە دەپ يەنە سادىق بۇ ئىشلارنى قىلغاندۇ ؟ دىگەن سوئال ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولىشى بىلە تەڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ جەمىيەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاددى كاللىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمەيدىغانلىغىنى تونجى قېتىم ھىس قىلغاندەك بولۇپ بىشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى . مۇشۇ كۈنلەردە بۇ شەھەردە مودا بولىۋاتقان( ئەڭ يېقىن دوستىڭىز خوتۇنىڭىزنىڭ ئاشنىسى) دىگەن گەپلەرنى روخسار ئاڭلىمىغان بولسىمۇ لىكىن بىر تۇرۇپ ئۇلارغا ھەيران قالمايتتى . چۈنكى ئۆزىنىڭ ئىخلاس ئەقىدىسىنى ئىخلاس يىپىغا باغلاپ پاكىزە ھالەتتە تۇتالايدىغان ياش شەھەر ئاھالىسىدىن نەچچىلىك بار ؟ تەكشۈرسە ئاساسەن چاتاق چىقىدىغانلىغى ئىنىق . چۈنكى غورا مەڭگۈ غورا پېتى

تۆرىۋەرمەيدۇ . ھالال ئائىلىسىگە سادىغلىق بىلەن ئىگە بولۇشنى ۋە خاتىرجەملىكنى خالايدىغان نادان ئايالىلارمۇ ئاخىرى بىر كۈنى بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ ھامان بىر كۈنى ئەرلەرنى تەتقىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىغىنى ھىس قىلىدىغان پەيلاسوپقا ئايلىنىپ كېتىدۇ . شۇ تاپتا پەرىدەنىڭ يولدىشى ئۆتتەك ھىسيات بىلەن ئۇنى سىغىنىش ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى . مەنغۇ ئىرىم يوق ئادەم بىراق ئۇنىڭ ئىرى بارغۇ؟ مەن ئەينى چاغدا سادىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم توغۇرىسىدا ئۇنىڭغا ئېيتقاندىمغۇ ؟ سادىق ئامانىنىڭ ئۆزۈن يىللىق دوستى تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا خيانەت قىلالاپتۇ . دىگەن بىر پىكىر تەڭلا باش كۆتۈرۈپ يەنە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. سادىق چەتئەلگە ئائىلە سايمانلىرى ساتىدىغان بىر شىركەت ئاچقان بولۇپ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تېزلا بېيىپ كەتكەندى . روخسار سادىقنىڭ كورىيەنىڭ داڭلىق ماركىلىق ماشىنىسىدىن بىرنى ھەيدەپ يۈرگىنىنى ھەپتە بۇرۇن كۆرگەندى . بۇ شەھەردە ماشىنا دىگەن ئۆزىنىڭ پۇل مىلىنى خەققە كۆرسىتىدىغان بىر بەلگە ئىدى . بانكىدىكى پۇلنى بىر مۇنچە ئادەم بار يەرگە سورىۋېتىپ يەنە تىرىۋالغىلى بولمىغاندىن كېيىن يېڭى پۇل تاپقانلار مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە نەرسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتە كۆزگە چېلىقىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە پۇل نامىغا ھەۋەس قىلىدىغان بايقۇشلارنى ئاسانلا قىلتىقىغا چۈشۈرۋالالايتتى . پەرىدە ھەممىنى كۆرگەن . ھەممە ئويۇننى ئوينىغان . بىراق بەزى يىگەك مۇشۈكنىڭ مىجەزى ئۆلگەندە ئۆزگىرىدۇ دىگەن گەپنى قايسى ئاقىل دىگەن بولغىتتىكىن تاڭ ؟

ئۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرۇشنى مەڭگۈ ئۆزىگە نۆۋەت كەلمەسلىكنى ئۈمىت قىلغان بولسىمۇ لېكىن دوختۇر ئۇنىڭ ئۇنىڭ نومۇرىنى چاقىرىدى . ئۇ ئىسمىنى تىزىملاتقان چىغىدا باشقا بىر ئىسىم دەپ بەرگەندى . خەنزۇ دوختۇر سانىيە دەپ بىر نەچچە قېتىم چاقىرغاندا ئۇ خىيال بىلەن ھاڭۋىقىپ ئولتۇراتتى . بىراق دوختۇرنىڭ كەسكىن ئاۋازى

ئۇنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ نۇمۇرنى يەنە بىر قېتىم تىۋىلغاندا ئاندىن يەلكىسىگە مىڭ پاتمان تاشنى ئارتىپ قويغاندەك ئېغىرلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ماڭدى . شۇ تاپتا ئۇ قاتىللىق قىلماقچى ئىدى . ئاشۇ مۇدىھىش ئۆيگە كىرسىلا بىر جاننىڭ بېشىغا چىقاتتى . توغرا بۇ بىرىنچى قېتىملىق قاتىللىق قىلىشى ئەمەس . لېكىن ئۆزىنى غېرىپلىق بېسىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتلەردە ئۇمۇ باشقا ئاياللاردەك ئۆزىنىڭ ئوماق باللىرىنى باغرىغا بېسىپ كوچىلارنى ئايلىنىش . ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ قوچاقتەك ياساپ قويۇپ ئۆنىڭغا تالىق كۆلكىلىرىدىن ھۇزۇر سۇرۇش بىلەن بىرگە ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ياشاش ھوقۇق بار ئىدىغۇ ؟ لېكىن ئۇ تەقدىر ئۇنىڭغا تەڭسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى . ئادەملەر ئۇنىڭ ماڭغان ھەر بىر قەدىمگە توزاق قۇرۇپ ئۇنى جەمىيەتنىڭ يەمچۈكىگە پەقەت ئەرلەر كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويدى .

ئۇنىڭ تىنى كارۋاتقا چىقىرىلغاندا روھى ئۇنىڭدىن نارازى بولغاندەك نالە قىلىۋاتاتتى . ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى . لېكىن پۇت قوللىرى مەھكەم چىگىۋېتىلگەچكە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى . دوختۇرلارنىڭ ھەركىتى ناھايىتى تېز بولۇپ ئۇنى خۇددى قۇشخانىدا ئۆلتۈرۈشكە تەييار قىلىنغان كالىدەك مەھكەم چىرماپ باغلاپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ بولغىچە ھەممە ئىشنى تېزلا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراۋاتتى . ئەگەر ئۇ ئوپېراتسىينى قىلدۇرمايمەن دىسە دوختۇرلار چوقۇم قوشۇلمايتتى . چۈنكى ئۇ تىزىملاتقان ئىكەن ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىغىنى ئىسپاتلايتتى . ئۇ تۇيۇقسىز باللىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن دىگەن خىيالغا كېلىپ ماڭا تەگمەڭلار دىگەنچە دوختۇرلارنىڭ قولىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى . بولدى ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن دىدى ئۇ كىيىملىرىنى ئوڭشاۋېتىپ . دوختۇر سېستىرالار ئۇنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىغىنى بىلمەيتتى لېكىن ئۇنىڭ پۇلىدىن قۇرۇق قالىدىغان

بولدۇق دىگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئوپىراتسىيە پۇلىنى ئىلۋىرىگىلار بولدى دىدى ئۇ ئوپىراتسىيە ئۆيىدىن چىقىۋىتىپ ئۇ سىرىتقا چىقىشى بىلەنلا كۆزىدىن يەنە كەلكۈندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىغاندى . بىر جان ئىگىسى . گۇناھسىز بىر نارسىدىنى نىمە دەپ قۇربان قىلىمەن ؟ ئۇ مىنىڭ يۈرەك پارەم خەق نىمە دىسە مەيلى . مەن ئۇنى تۇغىمەن . قانچىلىك جاپا تارتسام مەيلى ئۇنى چوقۇم بىقىپ چوڭ قىلىمەن دىگەن تۇيغۇ بىلەن دوختۇرخانا كارىدۇرغا چىققاندىن كىين بىنادىن چۈشۈپ كوچىغا چىقتى بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۇدۇل ئۆيگىلا كەتتى .

ئۆيگە بارغاندىن كىين كارۋاتتا سۇنايلىنىپ يىتىپ ئانىسى ياتقان كارۋاتنى كۈرۈپ ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئىسگە ئىلىپ بىردىنلا يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر دەم ئۇخلىماقچى بولغان بولسىمۇ لىكىن ئۆستىدىكى قەۋەتكە چىققان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى خۇددى ئانىسىنىڭ قەدىمىدەك تۇيۇلۇپ ئۇخلىيالمىدى . ئۇ بۇ بالىنى تۇغۇش قارارىغا كەلگەنلىگىنى ئانىسىغا ئىيتسا ئانا نىمە دەر ؟ دادىسى بىلسىچۇ ؟ ياق ياق . بولمايدۇ . ئاتا ئانىسى دادىسى ئىنىق ئەمەس بىر بالىنى تۇغۇشقا يول قويىمىغاندىن سىرىت بۇنداق نۇمۇسسىز . ئىپلاس بىر قىزنى باققانلىغى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چوقۇم كىچىدۇ . ئۇ بۇ خىياللارنى قىلىپ ئاخىرىغىچە ئويلاشقا پىتىنالماي ئۆيدە تۇرماسلىق قارارىغا كەلدى . ھىچ بولمىسا ئانام مىنىڭ ھاراق ئىچىدىغانلىغىمنى بىلدى . شۇڭا ئۇنىڭغا دەردىمنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن بولسىمۇ چىقىپ كىتەي دىگەن بىر خىيال كەلدى . ئۇ سائەتكە قاراپ ئانىسىنىڭ كىلىدىغان ۋاختىنىڭ بولمىغانلىغىنى ھىس قىلىپ يەنە كارۋاتقا كىلىپ ئولتۇردى . قوسىغىدىكى جاننى قۇربان قىلىشقا نىمىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغانلىغى ھەققىدىمۇ بىر ئىشلارنى ئويلاشنى خالىمايتتى .

## - (3) -

بوۋاي ئۇخلاپ ئويغۇنۇپ كارۋاتنىڭ بىشىدا ئۇگىدەپ ئولتۇرغان ئايالنى پۈتى بىلەن ئىتتىرىپ :

- قوپە ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىماي . قورساق ئاچتى دەپ كاكىرىدى.

ئانا ئۇنىڭ ئەڭ چىرايلىق بۇ گىپىنى ئاڭلاپ يەنە كۈلۈپ كەتكەنچە كۆزىنى ئىچىۋىتىپ

- شەھەر ياراشقىلى تۇردى سىزگە دىدى ئۇ ئاچچىغى كىلىشىنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ .

- قۇرۇپ كەتكۇر جادۇگەر . ساق بولغان بولسام مۇشۇ تاپتا كۆلگەن يۈزۈڭنى هازىرلا دىدى بوۋاي ئاچچىغىدا گىپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋىتىپ .

موماي ياش قىزلاردەك چاقچاقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىدىكى چۆچۈرخانىغا كىردى . بوۋاي چۆچۈرىگە ئامراق ئىدى . ئۇ چۆچۈرنى بۇيرۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كىيىن ئاشخانىنىڭ سەل ئىچكىرىسىدە ئولتۇرۇپ مۈڭدىشىۋاتقان بىر جۈپ ئەر ئايالنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى .

- يەنە قالسا قانداق قىلارمەن يا مىنى ئالمىدىڭىز دىدى ئوتتۇز ياشلاردا بار ئالما چىچىگى رەڭلىك قولتۇغى ئۇچوق ئۇزۇن كۆينەك كىيىۋالغان بىر ئايال .

- نىمانداق ئالتە ئايدا توققۇز قىتىم قالدۇ . يىنىڭدا ئەر كىشى ئولتۇرۇپ تاماق يىگەچ چاپىنىنىڭ پىشى تىگىپ كەتسىمۇ قالامدۇ نىمە ؟ يىراقراق ئولتۇراي بىكار ئىككى قات بوپ كەتمە دىدى سىمدەك بۇرۇت قويىۋالغان ئەر شاللاقلارچە كۈلۈپ .

- ئۆتەپ بارا ساراڭ . دىدى ئايال ئۇنىڭغا مۇشۇكتەك سۈۋۈنۈپ . مومايغا ئۇلارنىڭ گىپى قىزىزىق تۇيۇلىۋاتاتتى . سەۋەبى ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشىۋاتقانلىغىنى چۈشەنمىسىمۇ لىكىن ئۇلارنىڭ گىپى قىزىزىق تۇيۇلىۋاتاتتى . قاپتۇ دىگەن گەپ نىمە گەپ ئەمدى

بۇ دەپ ئويلىنىپ بولغىچە تاماق پىشىپ قالغاچقا موماي قاچىغا بەش سوم زاكالەت
بېرىپ تاماقنى ئېلىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى ..
موماي ياتاققا كىرگەندە بوۋاي دەرىزىنىڭ يېنىغا كىلىۋېلىپ تاماكىنى پۇرقىرىتىپ
چېكىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كىرگەن سېستىرا قىز بوۋاينىڭ قولىدىكى
تاماكىنى يۇلۇپ ئالغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن :
- سىز جاندىن تويسىڭىزمۇ بىزگە جاننىڭ كېرىگى بار . بۇ يەر ھاجەتخانا ئەمەس
دوختۇرخانا دىدى قىز بوۋاينىڭ تاماكىنى بۇلۇڭدىكى ئەخلەت سۈتتىگە تاشلاۋېتىپ
- بالام سىز قەشقەردىنما دىدى بوۋاي قىزغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ .
- ياق دەپلا ئارقىدىن كۆلۈەتتى قىز .- قانداق دەيسىز دىدى ئۇ بوۋايىڭ گېپىگە
قىزىقسىنىپ .
- مۇشۇ قەشقەرنىڭ ئەدەملىرى سەل مۇشۇنداق گەپ قىلمىز چۇ دىدى بوۋاي تىخىمۇ
قىزغىنلىق بىلەن .
- بولدى تاماق سوۋىدى دىدى ئانا بوۋاينىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولماستىن سىزىپ
ئويناپ كىتىۋاتقان كۆز قارچۇقلىرىغا قاراپ .
- ۋاي ئاپىرە شۇ تامىغىنى دىدى بوۋاي قىز بىلەن بىر دەم پاراڭلاشماقچى بۇلۇپ
- بولدى مەنمۇ چىقىپ ئىشىمنى قىلاي دىدى سېستىرا قىز ئىشكتىن چىقىپ كىتىۋېتىپ
- مانا مانا بىر ياخشى قىز بىلەن ئەمدى تونۇشۇپ قانداق قىلساق دوختۇر پۇلنى
ئەرزان قىلغىلى بۇلىدۇ دەپ تۇرسام تاماقنىڭ گېپىنى قىلىپ . دىتى يوق خوتۇن سەندە
دىتى يوق دىدى بوۋاي تاماققا ئىتتىك قول ئۇزارتىپ .
موماي تاماقنى بەرمەي تۇرۇپ
- ئەمسە مەن يەنە چاقىرىپ كېلەي . بىردەم ئەھۋاللىشىڭ دىدى موماي تاماقنى
دەرىزىگە قويۇپ .

ـ ھەي جادۇ ئەكەل بولدى . قورساق ئېچىپ بۆلالماي قالدىم دىدى بوۋاي جىددىلىك بىلەن .

موماي ئۇنى تۇنجى قىتىم كۆرۋاتقاندەك قارىۋېتىپ ئاندىن قاچىنى ئۇنىڭغا سۇندى بوۋاي نەچچە كۈندىن بىرى ئېشىشىپ كەتكەندى . موماي ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئەمدى ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى دەپ قاتتىق ئەنسىرگەندى . دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەندىن كىيىن دوختۇرلار بىر نەچچە كۈن كۆزىتىمىز دەپ دۇرا يېزىپ بەردى ھەم دۇرىنىڭ ئۇنۇمى خىلى ياخشى بولغاچقا بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئىششىغى يېنىشقا باشلىدى . بوۋاينىڭ يۈرەكتە دەردى بۇلۇپ ناھىيلىك دوختۇرخاندىن يۈرەكنىڭ كىلاپىنى كىڭيىپ كەتكەن . چوڭ شەھەرگە بىرىپ داۋالانسۇن دەپ خەت يېزىپ بەرگەندى . بوۋاي سەل ياخشى بۇلۇپلا يەنە بۇرۇنقى مىجەزىگە ياندى . ئۇ ئەمەلىيەتتە موماي بىلەن ياخشى ئۆتەتتى . بەزىدە مومايىنى خاپا قىلسىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا يەنىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى . بوۋاي شەھەرگە كەلگەندىن بىرى قىزنى ئويلاپلا يەنە خۇيى تۇتۇپ قالغاندى . ئوتتۇزدىن ئاشقان بىر قىز يەنە توي قىلماي يۈرسە ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەت ئىدى . ناھىيلەردىكى ئوتتۇز ياشلىق توي قىلمىغان ئاياللارنىڭ نى ھالەتتە يۈردىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . شۇ ياشقا كىرىپمۇ يەنە قىز كوچىسىدىن قالمىغان بۇ ئادەم ئاياللارنىڭ بۇ ياشتا نىملەرگە ئېھتىياجلىق بۇلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ قىزنى ھەر قىتىم ئويلىسا خۇيى تۇتۇپ قالاتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى . لىكىن ئۇنى ياخشى كۆردىغانلىقىنى ئەزەلدىن قىزىغا بىلدۇرمەي كەلگەندى . ئۇ تاماقنى تىز تىز يەپ بۇلۇپ بولدى مەن بىر دەم ئارام ئالاي دەپ بىشىدىكى ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ ياتتى. موماي ھىلىقى خوشنا بوۋاي توغۇرلۇق ئويلانغانچە چىنىنى سۇخانىغا ئېلىپ چىقىپ پاكىز چايقىغاندىن كىيىن ئۇنى ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . مومايىنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە يىڭىلىق تۇيۇلاتتى .

لىفتنىڭ بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ چۈششى ئۇنىڭ بىشنى قايدۇرسمۇ كىچىك بالا يىگى بىر ئويۇن تىپىۋالغاندەك خۇشال بولاتتى . كوچىلاردا باللارنى يىتىلەپ يۈرگەن ئەر ئايالالارغا قارىسا ھەۋىسى كىلىپ شۇ ھامان قىزنى ئىسگە ئالاتتى . ئۇنى ئويلىماي دىسمۇ بۇ شەھەرنىڭ ھەممە نەرسىسى . ئادەملىرى روخسارنى ئىسگە سالاتتى . ئۇ ھاراق ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئايال خەقنىڭ ھاراق ئىچكىنى نەدە بار ؟ دەپ قوياتتى قىزنىڭ مەس ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇ قىزى ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىپ بىرىشنى ئويلايتتى . لىكىن نىمە قىلىشنى بىلمەيتتى . قاملاشقان بىر يىگىتلەرنى كۆرۈپ قالسا ئايالى بارمىدۇ ؟ بولمىغان بولسا روخسار بىلەن توي قىلغان بولسا ھە دەپ ئويلاپ تۇرۇپ كىتەتتى . بۇ شەھەردە شۇنچە يىل ياشاپ بىرەرسىنىڭ پىشنى تۇتالمىغاندىن كىيىن ئۆزۈڭگىمۇ ئاز دەپ ئاچچىغلاپ قوياتتى تۇرۇپلا . ئانا قاچىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھەيۋەتلىك بىر بازارنىڭ ئالدىغا كىلىپ قالغاچقا دەرھال ئاشخانىغا كىرىشنى ئۇنتۇپ بىر دەم ئايلىنىپ يۈردى . ئادەملەر قىم قىم كوچىغا قاراپ ھەيران بولغانچە . ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ . ھەممە ئادەم بۇ يەرگە كىلىۋالغاندەكلا كۆرۈندى . ئىلىم سىتىم سودا ئىشلىرىنى كۆرگەچ بىر دەم ئايلىنىپ كۆڭلى خىلى كۆتۈرلۈپ قالغان ئانا بىر دەمدىلا كەچ چۈشۈپ كەتكىنىمۇ ئىلغا قىلالماي قالغاندى . ئۇ بىر دەم ئايلىنىپ دوختۇرخانا بىناسىنىڭ كىرىست بەلگىسىنى نىشان قىلىپ ئاندىن ئاشخانىنى ئاران تاپقاندىن كىيىن چىنىنى قايتۇرۇپ بىرىشكە كىرگەندى . ئاشپەز چاخچاق قىلىپ كەچلىك تاماققا كەلدىڭىزمۇ سورىدى ئۇنىڭدىن . ئۇ نىمە دىيىشنى بىلەلمەي سىرتقا قارىۋەتكەندىن كىيىن ھەئە . ئىسىم قۇرسۇن . كەچ بولغىنىمۇ بىلمەيلا قاپتىمەن دەپ گىپىنى قىلغاچ چىنىنى ئۇستامغا ئۇزاتتى . ئارقىدىن بىر قاچا لەغمەن بۇيرۇپ بولغاندىن كىيىن ئۆزىنىڭمۇ بىر كۈن تۈزۈك تاماق يىمىگەنلىگىنى ئويلاپ نارىندىن بىرنى بۇيرۇتتى . تاماق بىردەمدىلا چىقتى . ئۇ نارىننى ئالدىرماي ئولتۇرۇپ يەپ ئاندىن

لەغمەننى ئېلىپ يەنە بىناغا چىقىپ كەتتى . بوۋاي چەكچەيگەنچە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى . موماي چىقىپلا بوۋاينىڭ ئاچچىغلانغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ لىفتتىن چىققىچە كۈلۈۋەتكەندى . ئۇ چىقىپلا كۆز ئالدىغا ئەكەلگەن ئاشۇ چىراينى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماستىن يۇقۇرى ئاۋازدا كۈلىۋەتتى . بوۋاي ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

- شەھەر بەك ياراشتى جۇمۇ ساڭا . خەپ سىنى ،كېسەلدىنمۇ ساقىيارمەن . كۆرگىلىگىڭ بار مەندىن دىگەچ مومايىنىڭ قولىدىكى قاچىنى يۇلۇپ ئېلىپ لەغمەننى ئېشتىها بىلەن تارتىشقا باشلىدى . موماي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇردى . بوۋاينىڭ ئاچچىغى بىر دەمدىلا يېنىپ ئۇنىڭغا بولغان باتىنىشمۇ تەلەپپۇزىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى:

- بۈگۈن كەچتە بۇ يەردە ياتايمۇ دىدى موماي

- ياق بولدى ئۆيگە كەت . داق يەردە يېتىپ ئاغرىپ بەرسەڭ سىنى كىم باقىدۇ دىدى بوۋاي ئىغىزنى قەغەز بىلەن سۈرتكەچ . بوپتۇ ئەمسە مەن روخسارنىڭ يېنىغا باراي دىدى ئانا .

- ماقۇل ئەمسە بارغىن ھە راس ئۇ جىن مىنى سىغىنماپتىمۇ ھەجەپ مىنى يوقلاپ كەلمەيدا دەپ قوي ئۇنداق قىزىم يوق مىنىڭ مىنى بىر قىتىم يوقلىماي يولغا سالىدىغان ئوخشايدۇ ئۇ جىن دىدى بوۋاي يەنە قەھرىگە قايتىپ .

- خىزمىتى ئالدىراشكەن . ئەتە بارىمەن دىگەن . ئالدىرماي تۇرمامسىز بىر تەرەپتىن كىلىپلا تەرگىزنى بۇزماي دىدى موماي ئۇنىڭغا يالغان سۆزلەپ .

- بۇ سىنىڭ گىپىڭ . ئۇ ھەرگىز مىنى يوقلاپ كەلمەيدۇ . بىراق دەپ قوي . مىنى يوقلاپ كەلمىسمۇ مەيلى لىكىن تىزراق تويىنى قىلىۋالسۇن . مەن شۇنىڭغا خوش دىدى بوۋاي  باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دىگەندەك ئاخىرىقى گەپنى ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ

ـ مەن دەيمەن خاتىرجەم بولۇڭ دېدى موماي . قاچىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ . ئۇ قاچىنى يۇيۇپ كىرگەندىن كېيىن ياخشى ئارام ئېلىڭ . ئانچە مۇنچە ھەركەت قىلىڭ . بوداققا سالغان قويدەك پاقىراپ ياتماي . مەن ماڭدىم . كەچ چۈشۈپ كەتسە ئۆيىنى تاپالماي يۈرمەي يەنە دېدى ئانا قوللىرىنى لۈڭگە بىلەن سۈرتكەچ . بوۋاي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يەنە ياستۇقنى قىرلىدى . ئانا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . ئۇ ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقاي دېگەندە ئىتنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . ئۇ پەلەمپەينىڭ ياندىكى تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئاستا يۇقۇرى ئۆرلىدى . بوۋاي كۆرۈنمەيتتى . لىكىن ئىشىك ئوچوق ئىدى . ئىتنىڭ ئاۋازى ئۇزۇلۇپ ئۇزۇلۇپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى . لىكىن موماي ئوچۇق ئىشكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە پېتىنالماي پەلەمپەينىڭ ئالدىدا بىر ئۇزۇن تۇردى . ئىتنىڭ ئاۋازى بىسلىغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ ئاغرىق ئازابىدا تىرەپ نەپەس ئېلىۋاتقان ئۈنى ئاڭلاندى . ئانا ئىشكنى چېكىپ

ـ سىز بارمۇ دېدى يىقملىق ئاۋازدا .

ـ كىرىڭ مەن بار دېدى بوۋاي .

ئانا ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى كۆزەتكەچ ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىردى . بوۋاي كارۋاتتا ئالدىقاچان ئۆلگەن بىر ئادەمدەك ياتاتتى . ئۇ بوۋاينىڭ بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ نىمە بولدىڭىز دەپ سورىدى بوۋايدىن . بوۋاي ئاۋازىنى قويىۋېتىپ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتتى . ئانا ھەيران بولۇپ راستىنلا كىچىك بالىكەن دېگەنچە ئۇنىڭ پىشانىسنى تۇتۇپ باقتى . ئۇ قىزىزىپ كەتكەندى . ۋاي بولماپتۇ سىزگە سوغۇق ئۆتتىمۇ نىمە بولدى . دوختۇرغا بىرىش كىرەك . بولمىسا ئىش چاتاق دېدى ئانا . ئۇ ياش چىغىدا سىستىرا بولغاندى . شۇڭا بوۋاينىڭ ئەھۋالىدىن راستىنلا ئەنسىرەپ قالغاندى . بوۋاي بىر ھازا ئۆمچىيىپ يىغلاپ بولغاندىن كېيىن يالغۇزلۇق نىمە دېگەن يامان دېگەنچە يەنە يىغلاشقا باشلىدى

ئانا ئۇنىڭ دىلى سۇنۇق بىر ئادەملىگىنى ھىس قىلىپ بالىسنى ئەركىلەتكەندەك ئۇنىڭ بىشىنى ئىللىق قولى بىلەن تۇتۇپ بولدى ئەمدى يىغلىماڭ . مەن سىزگە قايناق سۇ قايىنتىپ بىرەي دىدى . لىكىن ئۇ بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ نەدە ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتى . ھازىرلا جىمجىت يىغلاپ ياتقان بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرغاندىن كىين چەينەك مەيدە . تۇربا مەيدە دەپ ھەممىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كىين ئوچاقنىڭ ئوتنى گاز ئوچاقنىڭ ئوتنى سۇس قىلىپ ياندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئانا سۇنى ئوتقا قويۇپ ئاشخانىنىڭ تارتمىلىق ئىشكاپلىرىنى بىر بىرلەپ ئىچىپ چىققاندىن كىين نىمىنىڭ نەدىلىگىنى بىلىۋالدى . ئاشخانا ئۆي قالايمىقان ئىدى . بىراق ئۆي جاھازلىرى خىلى قىممەت باھالىق نەرسىلەر بولغاچقا يەنىلا چىرايلىق كۇرىنەتتى . ئۇ ئۇ ئوچاق بىشىنى تازلاۋاتقاندا بوۋاي كىچىك بالىدەك ئىشىككە يىقىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەركىتىنى بىر مەھەل كۆزەتكەندىن كىين

ـ بۇ ئاشخانىغا ئايال زاتىنىڭ كىرمىگىنىگە بەش يىلدىن ئاشتى دىدى ئۇھسىنىش ئىچىدە

ـ تويي قىلمىغانمىدىڭىز دىدى ئانا ئۇنىڭغا قارىمايلا ئۆز ئىشىنى قىلغاچ .

ـ باللىرىم بار . ھازىر كانادادا . ئايالىم ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىۋاتىدۇ دىدى بوۋاي خىجىل بولغاندەك تۇرۇپ كىتىپ .

ـ سىز نىمىشقا چىقىپ كەتمىدىڭىز ؟ سورىدى ئانا يەنە ئىشىنى قىلغاچ .

ـ قىرىغاندا ماڭا يات ئەلدە نىمە بار . ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى . مەن كىتىشنى خالىماي مۇشۇ يەردە قالدىم . بىر ئوغلۇم دوكتۇر . دىدى بوۋاي قىسقا بىرنى يۆتەلگەندىن كىين ـ

ـ سىزچۇ ؟ بىر يەردە ئىشلىگەنما سورىدى موماي قولىدىكى لاتىنى قاراش تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە تاشلاۋىتىپ.

ـ مەن ئارتىس ئىدىم . سىز قۇملۇقتىكى ناخشا ئاۋازى دېگەن فىلىمنى كۆرگەنمۇ ؟

ـ ياق دەپ جاۋاپ  بەردى ئانا .

ـ ئەمسە مۇز تاغقا كەلگەن مېھماننى كۆرگەنمۇ ؟

ـ ئېسىمدە قالماپتۇ . بەلكىم كۆرگەندىمەن دېدى ئانا يەنە پەرۋاسىزلا .

بوۋاي ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىگىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ لىكىن موماي ئۇنى ئىختىيارسىزلا ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويغاندى .

ـ ئۇ بوۋاينىڭ چىرايدىكى غەشلىكنى كۆرۈپ سىز دېگەن كىنولارنى كۆرگەندەكمۇ قىلىمەن دەپ قويدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن .

بوۋاينىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ . مەن شۇ كىنولاردا رول ئالغان . كېيىن ئاۋاز بۇلۇمگە چىقىپ ئاۋاز بەردىم . ئۇنىڭدىن كېيىن پىنسىيگە چىقتىم . ھازىر مانا مۇش ئۆيدە يالغۇز تۇرىۋاتىمەن دېدى بوۋاي .

ئانا بىر دەم تۇرىۋەتكەندىن ـ  كېيىن ئىتتىكىز كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ دېدى بوۋايغا قايرىلىپ قاراپ .

ـ ھە ئۇنى باغلاپ قويدۇم . سىز قايتىپ كەلسىڭىز قورقۇتۇۋەتمىسۇن دەپ بالكۇنغا باغلاپ قويدۇم دېدى ئۇ تېخىمۇ غەيرەتى ئاشقاندەك بولۇپ .

ـ نېمىشقا مىنى دەپ باغلاپ قويىسىز دېدى ئانا ئۇنىڭغا تىكىلىپ، بوۋاي بەدىنىنى تولۇق تۇتىۋالغاندەك بىئاراملىق ئىچىدە ئانىنىڭ كۆزىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ ـ ئىتقۇ ئادەم چىشلىمەيدۇ . بىراق سىزنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ شۇڭا باغلاپ قويغان دېدى يەنە قايتۇرۇپ .

ـ ئەتتىگەن بىر ساق قالغانتىڭىز نېمە بولدى دېدى موماي .

بوۋاي بىر نەرسىلەرنى دېيىش ئۈچۈن ئىتتىك گەپ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ لىكىن تىلىدىن كالتىسى ئىتتىك كىلىپ جىم بۇلۇپ قالغاندى كېيىن نېمە بولسا بۇلا دەي

دىگەندەك يەنە بىر ئاز سۆكۈتتە تۇرغاندىن كىيىن

ـ سىزنى كىلىپ قالسا پەلەمپەيدىن ئىلىپ چىقىپ قويااي دەپ شۇئا دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندىم . ئەينەك مەينەت بوپ كىتىپتۇ . شۇئا دەرىزىنى ئىچىۋىتىپ ئولتۇرۇپ شامال تەككۈزىۋالغان ئوخشايمەن دىدى بوۋاي بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا ئارقىسىغا يىنىپ .

ئانا ئۇنىڭ گىپىنى ئويلانغاچ ـ بىرىپ يىتىڭ بەك قىزىرىپ كىتىپسىز . بولسا سۇيۇق تاماق ئىچكەن بولسىڭىز ياخشى بۇلۇپ قالاتتىڭىز دىدى ئۇ چەينەكنىڭ قايناپ كەتكىننى كۇرۇپ ئوتنى ئۆچۈرگەندىن كىيىن.

ـ ئەمسە سىز ئىتىپ بىرىڭ . بىللە تاماق يەيلى . مەن سىزگە ياردەملىشەي دىدى بوۋاي .

ـ مەن ئانا بۇ گەپنى دەپ بۇلۇپ ئەتسەم ئىتەي ئەمسە بولدى سىز بىرىپ ئارام ئىلىڭ دىدى بوۋايغا . بوۋاي ئارقىسىغا يىنىپ بىر نەرسىلەرنى ئاختۇرغاندىن كىيىن چىرايلىق كەشتە ئىشلەنگەن يىپ يىگى بىر پەشتامانىنى ئانىغا ئۇزۇتۇپ بۇنى تاقىۋىلىڭ دەپ تەڭلىدى . ئانا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ رەھمەت دىگەنچە قولنى ئۇزاتتى . بوۋاينىڭ قوللىرى سۇس تىترەيتتى . ئانا ئۇننى ئىلىپ تاماق ئىتىشكە تۇتۇش قىلىشقا باشلىدى . بوۋاي ئاستا بىرىپ كارۋىتىدا ياتقاندىن كىيىن تىلۋۇزۇر كۆرۈشكە باشلىدى . ئانا بىر نەرسە لازىم بولسا يۇقۇرى ئاۋازدا بوۋايدىن سورايتتى . بوۋاي ئۇنىڭغا دەپ بىرەتتى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئۆي ئىككىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن قىزغىنلىققا تولدى . ئانا كىرگەندىن كىيىن ئىتىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى . ئىت بۇ مىھماننى قورقۇتۇپ قويماي دىگەندەك تىۋىش چىقارماي مۈگدەپ ياتماقتا ئىدى .

روخسار خىيالىدا دادام رەھىمسىز بىر ئادەم . ئۇ داۋاملىق ئانامنى خورلايدۇ دەپ ئويلايتتى . شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئالاھىدە بىر ئەر ئىزدىگەندى . لېكىن ئاللا ئەۋەتكەن ئالاھىدە ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايلا مانا قىرى بىر خوتۇنغا ئايلىنىپ قالاي دېگەندى . ئۇنىڭ كاللىسى ئەر ئاياللىق تۇرمۇش ھەققىدىكى خاتا ئۇقۇملار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە ئۇ ئۆزى ياكى تەقدىر تەرىپىدىن ئەمەس ئەنە شۇ خاتا ئۇقۇملار تەرىپىدىن ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلغانىدى . لېكىن ئۇ تەن بەرمەيتتى . بەزىدە تەن بەرسىمۇ ئىتراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتى بۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىق ئۈچۈن قاۋاقخانىغا بېرىپ قانغىچە ئىچەتتى . ئۇنىڭ ھاياتى ئاشۇ نىجىس نەس باسقان يەردە ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەرگە يەنىلا ئامراق ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچ نەرسىگە ئامراق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھايات مەڭگۈ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر پارچە تاشتىن تۈزۈلگەندى . ئۇ بىر تاش ئەينەك ئىدى . ئۇنىڭدىن بەزىدە بەختىنىڭ سايىسى كۆرۈنەتتى . بەزىدە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . روخسار ھەممىلا ئادەمگە ئوخشاش ئۆمىتسىزلىنىش . چۈشكۈنلىشىش ئىچىدە بۇ تاش ئەينەككە قاراشقا مەجبۇر ئىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ھايات تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق سوئاللار بىلەن تولغان بىمەنە ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

ئۇ ئويناۋاتتى . باشقىلارغا ئوخشاش ئويناۋاتاتتى خۇددى كىچىك چېغىدا قورچاق ئوينىغاندەك باشقا باللار بىلەن لايدىن ئۆي ياساپ ئوينىغاندەك ئويناۋاتتى . لېكىن بۇ ئويۇندا ئىشەنچ يوق ئىدى . ئۇ ئامالسىز ئوينايتتى . ئويناش پەقەت ئويناشلا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مەزمۇنلۇق پەيتلىرى ئىدى ئۇ كىملەر ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك . كىملەر ئۈچۈن سەممىي ساداقەت بىلەن ياشىشى كېرەك بۇنى بىلمەيتتى . ھەممىلا ئادەم . ھەممىلا ئەرلەر باشتا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا ئامراق ئىدى . لېكىن

ئارىدا بىر ئىش يۈز بەردىمۇ بولدى ھەممىسى ئۆنىڭدىن خۇددى نىجىس كىسەلدىن يىرگەنگەندەك يىرگىنەتتى . قاچاتتى . يوللاردا ئۇچراپ قالسا تونۇماس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كارى بولمايتتى . ھەممىلا ئادەم ئۇنى تاشلاپ كىتەتتى . مانا ئۇ بۇ ھەقىقەت ئىدى . ئادەملەرنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگىنى يالغان تاشلاپ كەتكىنى راس ئىدى . بىر ئايال يالغۇز ھاياتتا پايانسىز ئەركىنلىكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى مۇتلەق ئەركىنلىكنى يالغۇز بىر ئەر ئەمەس بىر توپ ئەر . بىر جەمىيەت ئەر . ئايالى بار مۇھەببىتى بار . يالغۇز ئەر ، ئىش قىلىپ ئەر جىنسلىق ھەممىلا ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىلەتتى . دۇنيادا مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس . بىر ئايالنىڭ باشپاناھسىز قالغانلىقى ھەتتاكى بىر ئەرنىڭ خورلىشىمۇ نائىل بولۇپ ياشيالماسلىقى بەختسىزلىك ئەمەسمۇ ؟ ئىنسان ھامان بىر بىرگە مۇھتاج بولۇپ يارالغان . ھەممە نىمىسى تەل شاھنىڭمۇ گادايغا ھاجىتى چۈشىدىغان چىغى بولىدۇ. ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ھاجىتى ئۈچۈن ياشايدۇ . يالغۇز بىر ئايال. بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئىستىگىدە ياشاشتىن كۆڭلى ئاينىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ مانا مۇشۇنداق ياشاشتىن باشقا ھىچقانداق يولى يوق ئىدى . لىكىن ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئىگەللىۋېلىشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭغا بىر قىتىم ئىرىششنى ئويلايتتى . لىكىن ئادەملەرنىڭ ئىنتىلگىنى ئەسلىدىنلا سۆزۈك ئەينەك دانچىسىدەك روھى ئالىمى ئەمەس تىنى ئىدى . ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان ئالتۇن پەسلىگە . ھەر قانداق بىر ئەردە جىنسى ھاياجان پەيدا قىلالايدىغان تولغان ۋۇجۇدىغا ئىنتىلگەن بىلەن روھىغا يىقىنلىششنى ئۇنىڭ قايغۇ ھەسرىتىگە ئورتاق بولۇپ ياشاشنى ئارمان قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان بىر تەن بولۇشنى خالايدىغان بىر ئادەمنى تاپالمايتتى . مانا مۇشۇنداق روھى ھالەت بىلەن ياشاۋاتقان ئايالنىڭ مەن توي قىلىمەن دىيىشى مۇمكىنمۇ ؟ جاھاندىن . جەمىيەتتىن كۆڭلى قالغان . ياشاشتىن تويۇپ

سەسكەنگەن بىر ئايالنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن بىر ئۆمۈر ھەمرا بولۇپ . ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان خىيانەتلىرىنى كەچۈرۈپ . جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇپ . مەينەتلىرىنى تازلاپ . يالغانلىرىغا ئىشىنىپ . ئىنسان تاقەت قىلغۇسىز ناچار قوپال مىجەزلىرىگە بەرداشلىق بىرىپ ئاشخانىدا ئاشپەز . ھۇجرىدا پاھىشە بولۇپ ياشىغىنى يەتمىگەندەك يەنە قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ ، جىنغا جاپا بولىدىغان مىھرىلىك ئاۋارىچىلىقلارنى تارتىپ ، ھاياتنىڭ ساختىلىقلىرىغا قۇل بولۇش ئۈچۈن دۇنياغا كىلىدىغان بىر توپ باللارنى چوڭ قىلىپ ياشاش ھاياتمۇ ؟ ئۆزىنىڭ قىلدەك ئارزۇ ئارمىنىغا يىتەلمەستىن ھاياتنى پەقەت باشقىلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈنلا ياشاش بىر ئايالغا . بىر جان ئىگىسىگە قىلىنغان ئۇۋالچىلىق ئەمەسمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىنى بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندى . قايسى ئەر ئۇنى قەدىرلەپ باقتى . بىر كىملەر بىلەن ياخشى ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك تەقدىرداش ھەمنەپەس بولۇپ ياشاش ئىستەكلىرىدە تالايلاپ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ خۇشاللىغى ئۈچۈن قۇربان قىلغىنىنى كىم چۈشەندى ؟ ئۇلار پەقەت ئۇنىڭغا جالاپ دىگەن نامنى ھەدىيە قىلدى خالاس .

ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ھاراق ئىچەتتى . ھاراق ئىچىپ ۋۇجۇدىنىڭ سىزىمى پۈتۈنلەي يوقالغاندا ئاندىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قىلىشى بىلەن چاتىغى يوق ئىدى . غەرىق مەس ھالەتتە ئەرلەرنىڭ قانماس نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا ئىشقا كارغا كەلمەيدىغان ۋۇجۇدىنى كىرەكسىز بىر پارچە گۆشتەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بىرەتتى . ئۇ شۇ ئارقىلىق قانداقتۇر بىر كىملەردىن قىساس ئالاتتى . ھەممە ئايال ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقى . ئۇلارمۇ ئوخشاشلا تۇرلۇك شەكىلدە ئەرلەرنىڭ بىقىندىسى بولۇپ ياشايتتى . بىچارە ئەرلەر ئائىلىدىكى مۇھەببەت كونىراپ كىرەكتىن چىققان ھىسياتنى باشقا بىر ئايال بىلەن يىڭىلاشنى . تولدۇرۇشنى ئويلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا ئادەمگە ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ھەر قانداق ئايال چىرايلىق

كۆرۈندۇ . تۇرمۇش رىتىمىنىڭ بىر خىلدا داۋام ئېتىشى دىمىق ھاۋادا دىمى سىقىلغاندەك كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەر بىر تېۋىشىنى يىگىلىق ھىساپلاپ ياشاش ۋە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بىر خىل رىتىمنى يەنە باشقا بىركۆيگە باشلاش ھەممىلا ئادەمنىڭ ئارزۇسى بىراق كىملەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىيالايدۇ ؟

ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ نىمىشقا ئاجىز بىر قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىغى ئۈكۈنەتتى . ئارقىدىن يەنە بۇ خىياللىرىدىن بىزار بولاتتى . چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەر كىشى پەقەتلا بىر تۇرلۇك ھايۋان . ھەتتاكى بەزىلىرى ھايۋانچىلىكمۇ ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى . بايلىق . نام شۆھرەت . چىرايلىق ئايال . ھەممە ئەرگە بۇزۇق ئايااللار كىرەك . بالا تۇغۇپ ئۆي تۇتىدىغان ئايالمۇ كىرەك . ئىش قىلىپ ئۆزىگە كىرەككە كىلىدىغان كەلمەيدىغان ھەممە نەرسە ئۇلارغا كىرەك . ئۇلار ئۆزىگە كىرەك بولمىغان نەرسىنى ئىرىشتىن بۇرۇن ھىس قىلىپ يەتمەيدۇ . ھەممىلا نەرسىنى مىنىڭ بولسىكەن دەپ ئويلايدۇ . ئىرىشىپ بولغان نەرسىلەر شۇ ھامان ئەڭ ئەھمىيەتسىز ، قەدىرسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يەنە يىڭى نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ ھايات ئەنە شۇنداق داۋام ئىتىدۇ . لىكىن كۆپىنچە ئايااللار يەنىلا بىر كىشىلىك خاتىرجەم تۇرمۇشتا ياشاشنى ئارمان قىلىدۇ . شۇڭا ئۆيگە . بالىغا . ئىرىغا سادىغلىق بىلەن ياشايدۇ . ئىللىق ئائىلىگە ئىگە بولۇشقا پۇرسەت بولمىغان ياكى ئەرلەرنىڭ تاشلىۋىتىشى بىلەن ئائىلە مىھرىدىن مەھرۇم قالغانلار ئازاپلىنىش ۋە قىيداش ئىچىدە باشقا بىر ئەرنىڭ كارۋىتىغا چىقىپ قالىدۇ . ئۆزى چىرايلىق ئەمما نۇرغۇن ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ تىنىنى تاشلاپ بىرىپ ئاياللىق نازاكىتىگە ماس كەلمەيدىغان يوللاردا ھاياتنى داۋام ئىتىۋاتقان ئايااللار جىنسى تۇرمۇشقا قانماسلىقتىن ياكى ئەسلى تەبىئىتى بۇزۇقلۇقتىن ئەمەس ئۆزى ئويلىغان تۇرمۇشقا ئىگە بولالماي قەلبى جاراھەتلەنگەندىن كىيىن باشقا بىر ئەر بىلەن يىتىش ياتماسلىق مەسىلە بولمىغان بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ شۇڭلاشقا كۆڭلى

ياخشى ھەم چىرايلىق نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىكى « بۇزۇق » ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىراق ئۇلار ئازاپلىنىدۇ. باشقىلاردىن سەسكىنىدۇ . ئۆزىدىن بىزار بولىدۇ . لېكىن ئۆزىگە مەڭگۇ راس گەپ قىلمايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى باشقا بىر ئايالغا چىتىشنى خالىمايدىغان لېكىن نەپسىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ئاشۇ ئەرلەر يۈزىدىكى نىقاپنى بارغانسىرى قىلنىلىتىپ يەنە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىپ يۈرۈيدۇ . گول ئايالالار بىر ئەرنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىگە ئېرىششنى ئىزدەپ   تالاي ئەرلەرنىڭ قولىدا دەپسەندە بولىدۇ   .

روخسار تۇنجى قېتىم باسقۇنچىلىقتا ئۇچۇرغان ئاشۇ كېچىنى ئويلىسا تېنىنى تىترەك باسىدۇ چۆشەپ قالسا شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . كېچىسى ياتاقتا يالغۇز يېتىپ ئازاپلانغاندا پۈتۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنى قىرىۋەتكۈسى كېلىدۇ . لېكىن ئايال كىشى دېگەن بەربىر ئاجىز . بۇ ئاجىزلىق ئەقىلدە ئەمەس ياكى روھتا ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ ئايال بولۇپ قالغانلىغىدا   .

ئاشۇ كۈنى ئۇلار نەچچە قىز بىر دوستىنىڭ تەكلىۋى بىلەن يەر شارى مېھمانخانىسىغا تاماققا باردى . روخسارنىڭ گۈزەللىكتە داڭقى بار ئىدى  شۇڭا بارلىق ئەرلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى .  ئامراق بولۇپ قالاتتى . ئۇنىڭغا خوشامەت قىلىپ تاماققا تەكلىپ قىلاتتى .  بىر نەرسىلەرنى سوغا قىلاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىزلار بولسا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى .  ئۇنى كۆزىدىن يوقۇتۇشنى ئويلايتتى  . گۈزەللىك ئۇنىڭ ئۇچۇن ئامەت ھەم ئاپەت بولغاندى . ئۇ كۈنى بىر توپ قىز چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا

پەقەت ئىككىلا كىشى بار ئىدى . چىرايىدا پالتا پىچاقنىڭ ئىزلىرى رۇشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرى يەنە بىرىگە خوشامەت قىلىپ تۇراتتى . قاپاقنى تۇرۇپ ئولتۇرغان ھىلىقى ئادەم گويا يېنىدا ئادەم يوقتەك . ھېچقانداق ئىنكاسسىز تاماكىسىنى كۆچەپ شوراپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئەسلى روخسارنىڭ قىز دوستلىرىدىن بىرى بولغان زەمرەنىڭ ئاشنىسى بولۇپ بۇگۈنكى ئولتۇرۇش مەخسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى . سورۇن باشلىنىپ چوكىلار ھەركەتكە كەلدى . ھەشەمەتلىك بۇ سورۇنغا ئاز دىگەندە بەش مىڭ سوم خەجلەنگەندى بىچارە قىزلار ئاچ قورساقلىقتا ئۆزىنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەڭ نازۇك ۋە نەپىس بىر ئىجادىيەت ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇشۇپ رەڭدار ھەم تەملىك سەيلەرگە ئىغىز تېگىشتى . ئارقىدىن xo ماركىلىق ئالتۇن قاپقاقلىق ئىغىزى بار ھاراق رومكىلارغا قۇيۇلدى . باشقا قىزلارنىڭ ئىچكۇسى بولمىسمۇ لىكىن ھىلىقى چىرايى تاتۇق ئادەم ھىچكىمنىڭ گىپىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياۋۇز چىراي ئادەم بىر ئىغىز گەپ قىلمىغان بولسىمۇ زەمرەنىڭ مەن ئىچمەيمەن دىگەن گىپى ئۇچۇن رومكىدىكى ھاراقنى چىرايىغا چىچىۋىتىشى بىلەن ھەممە قىز قورقۇنۇچقا چۈشتى . ھەممىسى ئىچتى . لىكىن روخسار ئىغىزغا ئىلىپ چايغا تۆكتى . ھىلىقى ئادەم روخسارنىڭ ساختىلىق قىلىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ ئولتۇرغاندى . شۇڭا ئۇ يېنىدىكى غالچىغا چاي ئىستاكاننى شەرەت قىلدى . تارتۇق چىراي روخسارنىڭ ئالدىغا كىلىپ چاينى ئىچىۋىتىشكە بۇيرۇدى . روخسار ئىستاكاندىكى چاينى گىلەمنىڭ ئۆستىگىلا تۆكىۋەتتى . باياتىن بىرى سۈكۈتتە ئولتۇرغان ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپلا روخسارنىڭ چېچىدىن تۇتقانچە ئايرىم خانىدىن ئىلىپ چىقىپ لىفت بىلەن ياتاققا ئىلىپ چىققاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئۇدۇل ئەكەلگەنچە دەرىزىن سىرىلدۇرۇپ ئىككى قولىنى تۇتىۋالدى . روخسار قورقۇنۇچتىن نەپەس ئالالماي قالدى . سىنى تاشلىۋىتمەن ئىتنىڭ قىزى . كىمگىنى كۆزگە ئىلمايسەن ؟ مەن سەندەك جالاپلارنى تولا كۆرگەن . مىنىڭ

بۆگۈنكى مەخسدىم سەن بىلەن يىتىش . قوشۇلامسەن ياكى مۇشۇ يەردىن چۇشۇپ ئۆلەمسەن دىدى ياۋۇز چىراي تىترەپ تۇرۇپ . راستىنلا ئۇنى تاشلىۋتىدىغاندەك كەيپىيات بىلەن . ياتاق يىگىرمە ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى . ھاۋاغا ئىسلىپ قالغان روخسارنىڭ گەپ قىلغىدەك ماغدۇرۇى قالماي كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش تۆككەنچە ماقۇل نىمە قىلساڭ قىل دىگەندەك بىشنى لىڭشىتتى . ئىككى قولى ئاران ئاران تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە ئۇ ئىگىز بىنادىن تاشلىنىپ ئۆلگەن تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى ئەگەر مىھمانخانىنىڭ دەرىزىسىدىن چۇشۇپ ئۆلۈپتۇ دىگەن گەپ خەلقى ئالەمگە ئاڭلانسا ئۇنىڭ ئۆلۈمى تىخمۇ ھاقارەتلىك ئۆلۈم بۇلاتتى . ئۇ شۇ چاغدا ئەمدى ئون سەككىز ياش ئىدى . مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كىتىش ئۆزى ئۇچۇن چوڭ ئىش بولمىسۇ لىكىن بىچارە ئانىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم ساراڭ بۇلۇپ قالاتتى . رەھىمسىز دادىسى ئانىسىنى چوقۇم ئۆلگىچە ئازاپلايتتى . شۇڭا ئۇ بارلىق ماغدۇرىنى يىغىپ تۇرۇپ بىشىنى لىڭشىتالىدى . ھىلىقى ياۋۇز ھايۋان ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ كىيملىرىنى يىرتقاندەك سالدۇرۇپ نۇمۇسغا تەگگەندىن كىين مىڭ سوم پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ مانا ئال بەش خوتۇننىڭ بىر كىچىلىك پۇلى دەپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئاتقاندىن كىين ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . روخسار ياتاقتا يالغۇز قالغاندىن كىين ئىچ ئىچىدىن چىقۋاتقان تىترەك ۋە ئاغرىق دەستىدىن كۆڭلى ئىلىشىپ قۇسۇۋەتتى . ئۇ بىر ھازا كاللىسى قۇيقۇرۇق ھالەتتە ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ تۇرغاندىن كىين تۇيۇقسىز ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدەك ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدى . لىكىن كوچا ، دۇنيا ھەممە نەرسە سۇكۇتتە ئىدى . ھەممە نەرسە ئۇنىڭ بۇلغانغان ۋۇجۇدىنى مەسخىرە قىلغاندەك تىكلىپ تۇرغاندەك ھىس قىلىپ ئىپلاس يوتقاندىن سەكرەپ تۇرۇپ كارۋاتنىڭ ئايغىغا قالايمىقان تاشلانغان كىيملىرىنى كىيگەندىن كىين ئىششىغا كۆزلىرىنى يۇيۇپ ياتاقتىن چىقتى  شۇكۇنى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئىچىپ مەس بولغاندىن كىين ياتاقلىرىدا نىشە چىكىپ تۇرغان بىر توپ

ئادەمگە تارقىتىپ بىرىلدى  سەككىز قىز شۇ كۈندىن باشلاپ ئەرگە تەگمىگەن ئايالغا ئايلىنىپ قالدى.

بەزىلىرى يىغلىدى . ئىغىر ئالدى قاخشاپ باقتى . بەزىلىرى مەسلىكتىن ھىچ نەرسىنى سەزمىدى . بەزىلىرى قولىغا بەرگەن پۇلغا خۇشال بولۇپ ئۆلارنىڭ مەرتىلىگىدىن سۆيۈنۈش ئىچىدە يولىغا راۋان بولدى . كىيىن نۇرغۇنلىرى ياخشى ئەرلەرگە تىگىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى  . يەنە نۇرغۇنلىرى بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى  . لىكىن روخسار ئاشۇ كىچىدىكى قاباھەتلىك دەقىقىنى ئىسىدىن چىقىرالمىدى . ئۆلۇۋىلىشنى . ئەرىز قىلىشنى ئويلىدى . ئۆلسە كىمگە ئۆلۈپ بىرىدۇ ؟ ئەرىز قىلسا كىمنى نەگە ئەرىز قىلىدۇ ؟ شۇنىڭدىن بىرى ئۇ ئۆزىنى ياشاشقا سالاھىتى يوقتەك ھىس قىلغاچقا بەختىنى ئىزدەپ بىر ئەر بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تىخمۇ سالاھىتى يوقتەك ھىس قىلىپ شۇڭا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى  . ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئادەمنى تاشلىۋىتىشى ھىچ گەپ ئەمەس . بىراق ئادەم ئۆز ئۆزىنى تاشلىۋەتكەندە ئۇ ئادەم ئەمەس بىر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كىتىدۇ . شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كىيىن ئىنسانى ئاجىزلىق ئۇنى قەدەمدە بىر مەغلۇپ قىلىپ تۇرسىمۇ كۆڭلىدە جىن چىراغدەك پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئۆمىد نۇرى ئۇنى ھامان گۈزەل ئەتە ئۈچۈن ۋەدە قىلىپ يەنە داۋاملىق ياشاشقا مەجبۇر قىلىپ كەلدى  . شۇنىڭدىن كىيىن ئۇنىڭغا بىشىغا كەلمىگەن كۆلپەت . ئۇ ھىس قىلمىغان ئازاپلىق تۇيغۇ . ئۇلۇۋىلىشقا قىستايدىغان قورقۇنۇشلۇق قىسمەتلەر قالمىدى  . لىكىن ئۇ يەنىلا نەپەس ئىلىۋاتاتتى . يەنىلا تىرىك ئىدى  .  تاماق يەپ ياشاش . كەچ بولسا يىتىپ ئۇخلاش ئەتتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇش . قايسى ئەر ئۇنىڭ بىلەن يىتىشنى خالىسا تىننى ئىتقا سۇڭەك تاشلاپ بەرگەندەك خالىغانچە تاشلاپ بىرىش ياشاش بولىدىغان بولسا ئۇ ياشاۋاتاتتى  . ئۇ ئىپلاس پاسكىنا تەنلەر بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى ۋە

شۇ جەرياندىكى ئىشلارنى كىين ئويلماسلىغى ئۈچۈن شۇڭا هاراق ئىچىشنى ئۆگەندى . غىققىدە مەس بولۇپ روهى بىلەن تىنى تامامەن ئايرىلغاندىن كىين ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنى كىم بولسا بولۇۋرەتتى . ئۇ ئەرلەرنىڭ يالغان گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن بىزار ئىدى . شۇڭا بىرەرسى بىلەن گەپ قىلىششنىمۇ خالىمايتتى . پەقەت دەرتلىرىنى ئۆزى ئۆزىگە سۆزلەپ دەردىنى هاراقتىن ئالاتتى . ئەرلەر ئۇنىڭ مۇلايىملىغىدىن تەسىرلىنەتتى . ئۇنى ئۆمۈرلۈك ئاشنا تۇتىۋالماقچى بولاتتى . لىكىن هىچكىممۇ ئۇنىڭ دوستىغا ياكى مەڭگۈلۈك ئاشنىسىغا ئايلىنالمايتتى . ئۇنىڭ نەزرىدە ئەرلەر ئۆلگەندى . ئۇلارنىڭ روهى ئۆلگەندى . نەپسى ئۈچۈن هەممىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان ئاشۇ بىچارىلەر ئۆزىنى تىرىك دەپ ئويلىسىمۇ هاياتىدىن هىچ قانداق نام نىشان قالدۇرۇش ئۈمىدى بولمىغان ئاشۇ ئەرلەر يەنە نەچچە ۋاقىتتىن كىين بىر ئۆلۈككە . جەسەتكە ئايلىناتتى . ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولىشى پەقەت جان تالىشىشى ئىدى شۇڭا ئۇ ئەرلەرنىڭ جان تالىشىۋاتقان قايغۇلۇق هالىتىدىن هوزۇر ئالاتتى . ئۇلارنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى . ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كىتەي دەپ قالغان ئاشۇ هالەتلىرى ئۇنىڭغا هوزۇر ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى يامان دەپ ئويلىمايتتى .

## - (4) -

ئانا تاماق ئەتكەچ بوۋاينىڭ ئۆزىگە ئۇچراپ باقمىغان بىر خىل مىهرىبانلىق بىلەن تىكىلىشىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . گەپىنىڭ نەخ يىرىنى قىلغاندا ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان مىجەزدىكى بۇ بوۋاينىڭ كىچىك بالىغا ئوخشاش گەپ قىلىش

ئۇسۇلى ۋە بىر گېپىنى قىلماقچى بولسا بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالا ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىرىنغىنى تاتلاپ ئانام نىمە دە دىگەندەك قورقۇنۇش ۋە مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىلىۋاتقاندەك تۇرىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى بىر نەچچە يىل بولغان ئادەمدەك يىقىنلىق ھىس قىلماقتا ئىدى .

بىر دەمدىن كېين قۇچقاچ تىلى سۇيقاش تەييار بولدى . موماي ئېىسسىق بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئاشنى ئىچمەي تۇرۇپلا ھاياجاندىن يىغلىۋەتەي دەپ قالغان بوۋايغا قاراپ ئۆزىنىڭ بالىسىغا تەسەللى بەرگەندەك مۇلايىملىق بىلەن ئىشكىزنى قىززىق ئىچىڭ سوۋۇپ قالسا ئىچكىڭىز كەلمەي قالىدۇ دىدى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاچچىق سۇ لازىنى ئۇزىتىۋىتىپ .

بوۋاي ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئاۋاز چىقارماي ئاشنى ئىچىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئانچە مۇنچە سەپكۈن بار بولۇپ ئاش ئىچىپ تەرلەپ كەتكەندىكى تۇرىقى ئوماق بىر بالىغا ئوخشاپ قالاتتى بويىنىڭ ئىگىزلىگى . يەلكىسىنىڭ كەڭلىگى ۋە قامەتلىك تۇرقىدىن ئەينى يىللىرى خىلى قاملاشقان بىر ئەركەك ئىكەنلىگى چىقىپ تۇراتتى.

بوۋاي بىر دەمدە بىشنى كۆتۈرمەي بىر چىنە ئاشنى ئىچىۋەتكەندى كىين قاچىنى ئانىغا ئۇزىتىۋىتىپ ئانىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىغىنى كۆرگەندىن كېين خىجىل بولۇپ سىزمۇ ئىچىڭ دىدى تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىنى قولياغلىق بىلەن سۈرتكەچ .

مەن تاماق يىگەن . سىزنىڭ تاماق يىيىشكىز منى خوشال قىلدى دىدى ئانا قاچىنى ئىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ . ئانا بوۋاينىڭ تىكىلىشى ئىچىدە بىر قاچا ئاشنى ئىلىپ كىلىپ

ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى .

بوۋاي ئىككىنچى قاچا ئاشنى ئىچىۋەتكەندىن تەرلەپ بىر بولۇپ كەتتى . ئۇ خىجىللىق بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن قولياغلىقنى يوشۇرغاندەك قىلىپ يۈزلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى .

ئانا يانچۇقىدىن قولياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ قولىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ تازلىق ئۈيگە كىرىپ يۇيۇپ ئىسسىقتەكەندىن كىيىن قايتىپ چىقتى .

بوۋاي ئۇنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ھەركەتلىرىگە تەپسىلى نەزەر سېلىپ تۇراتتى .

ئانىمۇ بوۋاينىڭ ئۆزىگە قىران يىگىتلەردەك دىققەت قىلىۋاتقانلىغىنى بىلىپ ھەر بىر ھەركەتتى . ھەر بىر قەدەمنى ئېھتيات بىلەن ئالاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنمۇ بىر خىل ھاياجان قىز چاغلىرىدىكىدەك بىر ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندى .

ـ ئۆيدە ئىسسىق ئاش ئىچمىگىلى نۇرغۇن زامانلار بوپتىكەن . بۈگۈن سىزگە رەھمەت دىدى بوۋاي بىردىنلا ئوڭشىلىپ قالغاندەك ھىسياتتا .

ـ مەن ئۆيدە كۈندە تاماق ئەتسەممۇ بىرى مىنى ياخشى ئىتىپسەن دەپ باقمىغان دىدى ئانا ئۆستەلنى سۈرتكەچ .بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى قارىداپ كەتكىنىنىڭ ھىس قىلالماي قالدى .موماي قاچا قۇچىنى پاكىز يۇيۇپ جايىغا قويغاندىن كىيىن بولدى مەن چىقاي ياخشى ئارام ئىلىڭ دىگەنچە بوۋايغا قارىمايلا يىرىم ئوچۇق ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى .بوۋاي ئۇنىڭغا يەنە نىملەرنىدۇ دىمەكچى ئىدى لىكىن بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغان گەپ يەنە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە مومايىنىڭ ئاياق تىۋىشى بىنادىن يوقاپ ئۆستىدىكى قەۋەتتىكى ئىشىكنىڭ يىپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .ئانا ئۆيگە كىرگەندە روخسار خۇددى لاي بۇتتەك كارۋاتقا تاشلىنىپ تامغا يۈلەنگەنچە ئولتۇراتتى .

ئانا ئىشكنى ئىچىپ كىرىپ روخسارنىڭ تاتارغان چىراينى كۆرۈپ ھاڭۋىقىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كىين ئۇنىڭ يىنىغا كىلىپ ئۆيدە بارمىدىڭ بالام دىدى قىزنىڭ يىنىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ روخسار ئانىسىنىڭ قىزىم دىگەن گىپىنى ئاڭلىمىغلى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولغاندەك قايرىلىپ قاراپ ئانىنىڭ مۇلايىم چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ كىتىپ ئۇنىڭغا ئىسلىغانچە بىر ئۇزاق يىغلىدى .

ئانا قىزىنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى . ئۇ كىچىگىدىن تارتىپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسا ئاۋازىنى تىشىغا چىقارماي جىممىدە بۇلىۋالاتتى . قىزنىڭ ئۆزىگە ئىسلىپ يىغلىشى ئۇنىڭ يۈرىگىنى پارە پارە قىلىپ تاشلىدى .

بىشىغا دەرت كەلگەندە ھەممە ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق ئىسلىپ يىغلايدىغان ئانىسى بولسا نىمە دىگەن ياخشى بۇلاتتى . لىكىن نۇرغۇن ئادەملەر ھايات ۋاقتىدا قەدرىسىز ياشاپ ئۆلگەن ۋاقتىدا ئاندىن ئانىسىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ قالغان باللار تامغا تىرەككە ئىسلىپ يىغلاپ ھەسرەت چىكىدىغان زامانلىرى كۆپ بۇلىدۇ . بىر ئۆيىنىڭ غىمى تەشۋىشى . ئىشى بىلەن ساراڭ بولغان ئانىلار خۇددى ئەسەبى ساراڭغا ئوخشايدۇ . ئۇلار قەلبىدە مىھرى مۇھەببەتتىن ئەسەر قالمىغاندەك ھەممىگە قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ . تۇرمۇشنىڭ ئىغىرچىلىقلىرى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەن بىر ئانىنىڭ نازاۋەك قەلبىنى كىممۇ چۈشەنسۇن ؟ ئانا بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە مىھىر قويۇپ باللىرىنى چوڭ قىلدى . ئۇنىڭ باشقا ئاياللاردەك پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانغا پۇرسەت بولمىدى . ئۇنداق ئاياللاردىن قاچتى . يىرگەندى . ئىرى ئەسكىلىك قىلسىمۇ يولسىزلىق قىلسىمۇ چىدىدى . پىشانىگە پۈتكەندىن قىچىپ ئامال قىلغىلى بولمايدۇ دىگەن نىيەت بىلەن ھەممىگە چىشىنى چىشلەپ مۇشۇ ھاياتقا كەلدى . ياش چاغلىرىدا نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا ساقال تاشلىغان بولسىمۇ ئۆزى ھەم

ئىرىننىڭ ئابرۇيى ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۇچۇن ھەركەت قىلىپ باشقىلارنىڭ تىنتقىسىز گەپ سۆزلىرىگە شىرىك بولمىدى . يولدىن چىقمىدى . ئازمىدى لىكىن قىرىغاندا بولسا بىر ئۆمۈر جاپا چىكىپ ئىرىشكىنىم نىمە دەپ ئويلىنىپ قالاتتى لىكىن يەنە كۆڭلىگە تەسەللى بىرەتتى . ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئاياللار ھەۋەس كوچلىرىدا لاغايلاپ يۇرۇپ نىمە تاپتى ؟ خانىۋەيرانچىلىق . سورۇقچىلىقتىن باشقا نىمىگە ئىرىشتى ؟ ئۇ ھىچ نىمىنى بىلمەيدىغان قىياپەت بىلەن يۇرگەن بىلەن قانداق قىلىشنى ۋە ئائىلىگە سادىغلىق بىلەن ياشاشنى بىلەتتى . ئۇ باشقىلار نىمە دىسۇن بىشنى ئىچىگە تىقىپ بىر ئۆيدە مىھىر يارىتىپ بىر ئەردىن مىھىر ئىزدەپ مۇشۇ ياشقا كەلدى . باشقىلار بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئۆزىنى كۆپ بەختلىك ھىس قىلىش ئۇنىڭ ئۆمۈر خاتىرىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيتتى . ئۇ بىرىنچى قىتىم قىزى بىلەن كۇرۇشۇپ ئۇنىڭ چىرايىدىن ۋە زىيادە چۇشكۇنلۇك زەئىپلىك قاپلاپ كەتكەن بىر خىل روھى ھالەتنى سەزدى . قىزىنىڭ ئىچى كۇچلۇك ڭۇڭلىگە بىرەر ئىش بۇلۇپ قالسا ئۇزاق ۋاقىت ئۇنتۇلالمايدىغان مىجەزىنى بىلەتتى .لىكىن ئۇكۇندۇزلىرى ئادەم كەلكۇندەك ئاقىدىغان. كىچىسى زۇمرەتتەك ئوردىدەك چىراقلىرى لاپىلداپ يىنىپ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان شەھەرنىڭ ئەڭ پىنھان بىر جايلىرىدا يۇز بىرىدىغان جىنايەتلىك قىلمىشنىڭ ئۇۋىسى بولغان بۇ شەھەر كىشلىرىنىڭ ئورتاق ئاجىزلىغى . گۇناھ ۋە جىنايەتكە . ئازاپلىق تۇرمۇش جەريانى ۋە خىيانەتكە شۇنچىلىك بىرىلىپ كەتكىنىدەك بىر رىئاللىقنى كۆرەلمەيتتى ھىس قىلالمايتتى ئۇ قىزىغا قاراپ ئىچى تىتىلدىسىمۇ قىزى ئەمدى كىچىك ئەمەس . جەمىيەت ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەمەس . ئائىلىدىن ھالقىغان بىر چوڭ كۇچنى كونترۇل قىلىش ئۇچۇن بىر ئانىنىڭ قولدىن كىلەمدۇ ؟

جەمىيەتنى مەلۇم بىر نىيەت ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە كۆز قاراش بىرلىككە

كەلتۈرمگەندە بىر ئىككى قىزنىڭ ئۆلۈۋىلىشى . بىر ئانىنىڭ ھەسرەت چېكىشى بىلەن كونترول قىلغىلى ، يارا ئىغىزدىن يىرىك ئاققاندەك ھەر كۈنى سادىر بولۇۋاتقان مەسىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋرى قىلىش كېرەك . تاقەت قىلىش كېرەك . كۈتۈش كېرەك . چۈنكى ياراتقان ئىگەم ھەممە ئادەمگە تېگىشلىك بولغان يۆكنى كۆتەرتىپ ھايات كېچىكلىرىدە سىنىغاندىن كېيىن ئاندىن ئامانىتىنى ئېلىپ ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىدۇ .

روخسار يىغىسىغا قانغاندىن كېيىن قورسىغى بوشاپ قالغاندەك ھىس قىلىپ ئاندىن سورىدى :

ـ تاماق يىدىڭمۇ ؟ تاماق ئېتىپ بىرەيمۇ ؟

ـ ياق بولدى دىدى ئانا قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس قەۋەتتىكى ئانا بوۋاي كېسەل بوپ قاپتىكەن شۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بەرگەچ تويۇپ قالدىم بىر نەرسە يىگۈم يوق .

روخسار ئانىسىنىڭ بىپەرۋالارچە گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . ئۇ ئۆمرىدە ئانىسىنىڭ دادىسىدىن باشقا بىر ئەرگە تاماق ئېتىپ بىرىدىغانلىغىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندى .

ـ سەن ئۇنى توناماتىڭ دىدى روخسار ھەيرانلىغىنى يوشۇرالماي .

ـ تۇنۇگۈن پەلەمپەيدىن چۈشكىچە تونۇشۇپ قالغان . كەچتە قارىسام كېسەل بولۇپيىتىپ قاپتۇ . ئاش ئېتىپ بىرىپ چىقتىم دىدى ئانا .

ـ

روخسار بىردىنلا تولىمۇ ئوماق ۋە ئاقكۆڭۈل بىر ئانا ئىكەنلىگىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنى يەنە قۇچاقلىۋالدى . شەھەر دىگەن شۇ ھەممىلا ئادەم تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر خىل بىچارىلىك ئىچىدە ياشايدۇ . يالغۇزلۇق ۋە غىرىپلىق ئويلاپ باقمىغان بىر ئادەملەر

بىلەن تونۇشۇپ قىلىشقا ، ھىسداشلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . مانا يىشى بىر يەرگە بارغان ئانا بىر دەمدە بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ تاماق ئېتىپ بەردى . ئەزەلدىن باشقا ئەرگە نىسبەتەن كۆڭلىدە قىزىقىش ۋە ھەۋەس بولمىغان ئانا بۇ ئىشنى مەجبۇرىيتىم دەپ قارىدى . ئەگەر ئۇمۇ روخساردەك ياش بولغان بولسا ئۇ نىمە كۈنلەرنى كۆرەتتى بۇنى تەسەۋۋۇر بىلماق تەس .

ئەمسە ئۇخلايلى دىدى روخسار ئانىسىنىڭ كارۋىتىنى تۈزەپ بولغاندىن كىيىن ئۇلار جىمجىت يىتىپ قىلىشتى . لىكىن روخسارنىڭ پىكرى ئويغاق ئىدى . ئۇ ساراڭنىڭ چىچىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن خىياللىرى ئىچىدە باش ئايىغى يوق خىياللار بىلەن ھەلەك ئىدى . ئەڭ ئاخىرىقى مەسىلە يەنە ئۇنىڭ بىشىنى قاتۇرغاچقا يەنە شۇ خىيالنى قىلىشقا باشلىدى . بولدى بىرەر تاللار بازىرىدا ئىشلەيمەن . بالىنى تۇغىمەن . خەق نىمە دىسە كارىم يوق . مىنىڭ ئابرۇيى ئىناۋىتىم دىگۇدەك نىمەم بار ئىدى دەپ ئويلاپ يىتىپ ئۇخلاپ قالدى .

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىشىك چىكىلدى . روخسار ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى تىزلىك بىلەن ئوڭشاپ ئەينەككە قارىۋەتكەندىن كىين بىرىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىكنىڭ ئالدىدا بوۋاي ئۆرە تۇراتتى . بوۋاي ئادەتتە ساقاللىرى ئۇسۇك ھالەتتە بولاتتى . بۈگۈنكى تۇرقىدىن پاكىزلىق نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ساقاللىرىنى پاك پاكىز قىرىپ ئاپپاق شلەپە كىيىۋالغان بوۋاينىڭ تۇرىقى باشقا چاغلاردىكىدىن خىللا ياش كۆرۈپ كەتتى .

ئاپىڭىز ئويغاندىمۇ دىدى بوۋاي روخسارغا سالام قىلىۋىتىپ روخسار ئارقىغا قاراپ بىر نىمە

دەي دەپ بولغىچە ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغاندى . سىلەرنى ناشتىلىققا تەكلىپ قىلاي دەپ كىردىم دىدى بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن روخسار بوۋايغا قاراپ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل ھىسياتتا سۆيۈنۈپ كەتتى . بۈلدۈ ھازىرلا چىقايلى دىدى روخسار . ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بىرى ھىچكىم بۇنداق سەھەردە ئۇنىڭ ئىشكىنى چىكىپ باقمىغاندى . ئۇنىڭ ئۆستىگە ئەتتىگەندە بۇنداق ياخشىلىق بىلەن باشلانغان ھايات كەچكىچە ياخشىلىقتىن بىشارەت بىرەتتى .
ئانا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈزنى يۇغاندىن كىيىن روخسار بىلەن پەسكە چۈشتى . ئۆي ئاخشامقىغا ئوخشمايتتى . ھەممە يەر ئاپتاپتەك يورۇق ھەم پاكىز بولۇپ كەتكەندى . قارىغاندا بوۋاي كىچىچە ئۇخلىماي تازلىق قىلىپ چىققاندەك تۇراتتى . موماي ئۆينى كۇرۇپ كۈلۈپ قويدى . بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىسسىق بىر چىنىدىن سۈتنى قويغاندىن كىين تونۇرغا يېقىلغان گۆش نان بىلەن بىر نەچچە تۇرلۇك ئىسسىق سەينى ئالدىغا قويدى . ئانا ئالدىرىماي سەينى تىتىپ كۆرۈپ ئاندىن سۈتنى ئىچىشكە باشلىدى . روخسار بوۋاينىڭ ئانىسنى ياخشى كۇرۇپ قالغانلىغىنى ھىس قىلىپ قىرى پاھشۋاز دەپ قويدى ئىچىدە . لىكىن تىشىدا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى . بوۋاي ئانىنىڭ سەي يەۋاتقان تۇرقى ۋە ئۇنىڭ سەينى ئىلىپ تەمنى تىتىۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ياراتماي قالامدىكىن دىگەندەك ئىككىلىنىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى .

تاماق يەيلى . مەن سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلاي . ۋاختىڭىز بولسا بىر دەم ئەھۋاللىشايلى . مانا بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى جەلىپ قىلىپ ئۇلار بىلەن بولۇشنى خالايدىغان نىيتىنىڭ بەلگىسى . قايسى ئەر بىر ئايالغا ئوچۇق قىلىپ مەن سىز بىلەن ياتماقچى ئىدى . تولغان بەدىنىڭىزگە ، قارا كۆزلىڭىزگە ئۇرغۇپ تۇرغان ھسياتىڭىز

ئامراق بۇلۇپ قالدىم . كەچتە مېھمانخانىدىن بىرنى ئىچىپ ياتايلى دېگەن . ھەممىسى ئاۋال ئاشۇ ئۆلگۈر تاماقنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدۇ . تاماقتا چىققان ئايال بىلەن قارىشىپ . سۇركىشىپ مۇناسىۋەتنى چۇڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ . تاماق چىقىدۇ . كەينىدىن ھاراق چىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر قىتىملىق تاماق يېيىش ئىشى ئىككى ئادەمنى ئىتتىرىپ بىر كارۋاتقا چىقىرىپ قويىدۇ . ئۇلارنىڭ تاماق يەيلى دېگەن گېپىنىڭ ئۆزى نىيەتنىڭ ئاللىقاچان بۇزۇلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ . ئاياللارمۇ بىرەر ئەر بىلەن چىققۇسى بولسا دەرھاللا ماقۇل بۇلىدۇ . ئۇلارمۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە باشقا بىر نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ . ئۇلارنىڭ بىر يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى ئۇلارنى يېرىم قۇبۇل قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى . شەھەردە ئەر ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنىشى ئەنە شۇ « تاماق » دېگەن گەپتىن باشلىنىپ تەرەققى قىلىدۇ . قىزلار . ئاياللار خەقنىڭ بىر قىتىملىق تامىقىنى يېدىمۇ بولدى ئۇلار قەرىزدارغا ئايلىنىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەر خالىغان چېغىدا ئۇلارنى چاقىرىپ كۆڭلۈمنى ئاچالايمەن دەپ قارايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ كۆڭلىنى چىكىپ بىقىپ ئۆمىت بار يوقلىقىنى كۆزلىرى . ئىش ھەركەتلىرى ھىس قىلىپ بۇلىدۇ . ئەگەر ئۆمىت بولسا ئۇلارنى داۋاملىق تاماقتا تەكلىپ قىلىپ ئاياللارنى قاتمۇ قات قەرىزگە بوغۇۋەتكەندىن كېين ئاخىرى تاقەت قىلالماي مەخسىدىگە يىتىدۇ . مەخسىدىگە يىتەلمىسە ياكى ئاياللار خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى چىرايلىقچە رەت قىلسا باشتا چىرايلىق گەپ بىلەن ئالدايدۇ . ئۇمۇ ئاقمىسا يۈزىنى ئۆرۈپلا ھاقارەتلەيدۇ . ئۇرىدۇ ھەتتا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ . كۆڭلى بولمىسا تامىقىمنى يەمتى دەپ ئويلاپ ئۇلار خۇددى ئۆمۈر بويى تۆلىسىمۇ قايتۇرالمىغىدەك قەرىز بولغاندەك ھىساپلايدۇ . باشقىلار بىر ئەر بىلەن ئايالنى تاماق يەۋاتقاندا بىللە كۇرسە ئۇ بۇزۇق پالاننىڭ كەينىدىن يۇرەتتى دەپ قارايدۇ. ھېچكىممۇ پالانى ئەر پالانى ئايالنىڭ كەينىدىن يۇرەتتى دىمەيدۇ . ئاياللارنى پەس

كۆرۈش . ئۇلاردىن يىرگىنىش لىكىن تىللاپ تۇرۇپ ئۇلاردىن ئايرىلالماسلىق ئەرلەرگە ھەم ئاياللارغا نىسبەتەن ئاقىۋىتىنى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز پاجىئە ئىدى .روخسار بۇ خىياللارنى قىلغۇتىپ تۈيۇقسىز دىمىغىدا كۈلۈپ تاشلىدى .

بوۋاي ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چۆچۈپ نىمە سەي قاملاشماپتىمۇ ؟ مەن تازا ياخشى قورىيالمايمەن دىدى ئۇ كىچىك بالىدەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ .

ئانا دەرھال جاۋاپ بىرىپ ياخشى بوپتۇ . ئۇستىكەنىسىز دىمىگەن بولسا بوۋاي يىغلاپ تاشلاشقا ئازلا قالغانلىقتىن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەندى .

ئۇلار ناشتىلىقنى قىلىپ بولغاندىن كىين ئۆيدىن چىقتى . بوۋاي بۇگۈن باشقىچە جانلىنىپ كەتكەندى . ئانا بالا ئىككىسى ئاپتۇز بىكىتىگە كىلىپ بولغىچە بوۋاي ئىتىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ ئۇلار ماڭىدىغان يولنىڭ قارشى تەرىپىگە يىتىلەپ كىتىپ قالدى .

روخسار ئاپتۇزغا چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كىين ئانىسىغا ـ بۇ ئادەمنى بەك غەيرى ئادەم دەپ ئاڭلىغاندىم . قارىسام شۇنداق قائىدىلىك ئىكەن مەن بىنادىن چۈشۈپ چىققىچە گەپ قىلمايتتىم شۇڭا دىدى ئانىسنى گەپكە سالماقچى بولغاندەك .

ـ قانداق غەيرى دەپ ئاڭلىغان دىدى ئانا بىئارام بولغاندەك قىلىپ .

ـ ئىش قىلىپ داۋاملىق ئىتى بىلەن بىللە تۇرىدۇ . بىر ئۆيدە ئىت بىلەن تۇرغان ئادەمنى خەق غەيرى ئادەم دىمەي نىمە دەيدۇ دىدى روخسار .

ـ خەقنىڭ ئىشى بىلەن نىمە كارىمىز بالام . ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا پۇختا بولساقلا بولدى خەقنى ئۇنداق مۇنداق دەپ بىزنىڭ نىمە كارىمىز دىدى ئانا سىرىتتقا قارىغاچ روخسار قايتا گەپ قىلمىدى . ئۇلار دوختۇرخانىغا بارغاندا دادىسى دەرىزىنىڭ يىنىغا كىلىۋىلىپ تاماكا چىكىۋاتاتتى . ئۇ روخسارنى كۆرۈپ قايغىنى تۇرۇپ كۆرۈشكەندىن تاماكىنى

تاشلاپ كارۋاتقا كىلىپ ئولتۇردى .

- ياخشى بوپ قالدىڭىزمۇ دادا دىدى روخسار يىنىك ئاۋاز بىلەن. دادىنىڭ باغرى ئىرىپ كەتكەندەك بولۇپ بىردىنلا يۇمشاپ

- ئالدىراشلىغىڭ تۈگىدىمۇ ؟ دىدى ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ .

- تۈگىدى مەندىن خاپا بولمىغانسەن دىدى روخسار دادىسىنىڭ يىنىغا كىلىپ ئولتۇرۇۋىتىپ .

- ياق سەندىن خاپا بولمىدۇم لىكىن كۆرگۈم كەلدى . دىگەنچە كۆزىنى ئىلىپ قاچتى دادا .روخسار دادىسىنىڭ تۈنجى قىتىم مۇشۇ گىپىنى ئاڭلاۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ تەسرلەنگىنىدىن ئاران ئۆزىنى تۇتىۋالدى . سىستىرا كىرىپ دورىڭىزنى بۈگۈندىن باشلاپ ئىچىڭ . دوختۇر سىزنى ئۆيگە بىرىپ ياخشى ئارام ئالسۇن . ئىغىر ھەركەت قىلمىسۇن دەيدۇ . دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كىيىن يەنە بىر قىتىم تەكشۇرتىكىلى كىلىڭ بۈگۈن ياتاقتىن چىقسىڭىز بولىدۇ دەپ چىقىپ كەتكەندىن كىيىن روخسار ئەمسە ھازىرلا كىتەيلى دادا دىدى دادىسىغا قاراپ .

مەيلى ئۆزۈممۇ ئىتتىن زىرىككەندەك زىرىكتىم بۇ يەردىن دىدى دادا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ .روخسار ئەسلى ئۇلارنى ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇتۇپ قالماقچى بولغاندى . لىكىن دادىسى جاھىللىق بىلەن دوختۇرخاندىن چىقىپ بىر ۋاخ تاماق يەپلا ئۇدۇل ئاپتۇز بىكىتىگە چىقىپ يۇرتقا كەتتى . روخسار كۆڭلى يىرىم ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىلىپ بۇ شەھەردە يالغۇز ياشانىڭ مەنىسىزلىگى دەستىدىن ئۆرتەنگەن يۈرگىنى چىڭ مۇجىغانچە بىنادىن چىقتى .

- ئانىڭىز قىنى دىدى بىر ئاۋاز تۇيۇقسىز .

روخسار چۆچىگەنچە ئۆزىگە كىلىپ بوۋاينى كۆردى . - ئۇلار كەتتى دىدى ئۇ يەن

بىنادىن چىقىۋېتىپ .

ـ نەگە كەتتى دىدى بۇۋاي تىخىمۇ جىددىيلىك بىلەن .

ـ ئۆيگە كىتىدۇ دە نەگە كىتەتتى دىدى  قىز بىنادىن چىقىۋېتىپ  .

ـ مەن سىلەرنى مىھمان قىلىمەن دەپ تەييارلىق قىلىپ قويغان . رىستۇرانغا سەيمۇ بۇيرۇپ قويغان دىدى بوۋاي  .

ـ هاراق بارمۇ دىدى روخسار تۇيۇقسىز ئاڭسىزلا .

ـ بار ھەممە نىمە تەييار ، دىدى بوۋاي روخسار ئارقىسىغا يىنىپ ئانام كەتتى . ئەمدى مەن بولسىمۇ سىزگە مىھمان بۇلاي دىدى بوۋايغا تىكىلىپ قاراپ بوۋاينىڭ كۆڭۈل يىرىمچىلىغى بىر ئاز بىسىلغاندەك بۇلۇپ ئۇنداقتا ياخشى بولغىدەك قىنى ئۆيگە كىرىڭ دىدى بوۋاي ئۇنى ئۆيگە باشلاپ  .

بوۋاي چاي قايىنتىپ ئىلىپ چىقتى . روخسار كىتاپ ئىشكابىدىكى كىتاپلارغا قاراپ ئۆرە تۇرغاندىن كىيىن قايتىپ كەلدى . بىر دەمدىن كىيىن سەيلەر كەلدى  . ئەزەلدىن قاراڭغۇ تۇرىدىغان ئۆينىڭ چىراقلىرىنىڭ ھەممىسى يورۇتۇلدى . ئۇلار تاماققا بىر قۇر ئىغىز تەككەندىن كىيىن روخسارنىڭ تەلۋىي بويىچە هاراق ئىلىپ كىلىندى . قىزنىڭ غەمكىنلىكى هاراقنى ئىچكەندىن كىيىن تىخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى  .

ـ قارىسام بىر دەردىڭىز باردەك تۇرىدۇ . مەن سىزنىڭ دادىڭىزدەك ئادەم . مەندە پۇل بار . لىكىن خەجلەيدىغان يەر يوق . سىزگە قايسى تەرەپتىن ياردەم كىرەك بولسا مەن ياردەم قىلاي ئىيتىڭ دىدى بوۋاي  .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان روخسار ئۆزىنىڭ دادىسى بىر قىتىم سوراپ باقمىغان گەپنى قىلغان

بوۋاينىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىش ئىچىدە گەپ سۆزسىزلا يىغلاشقا باشلىدى .

ـ بالامنى قانداق قىلىمەن . سىز دەڭە مېنىڭ قورساقتا بالام بار دىدى ئۇ يىغلىغانچە

ـ بالا دىگەننى تۇغماي نىمە قىلىدۇ . تۇغۇڭ دىدى بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن .

ـ بىراق بالىنىڭ دادىسى مىنى تاشلاپ كەتتى . مەن ئۇنى تۇغسام خەق نىمە دەيدۇ .

مەن ھىچ قەدىرىم يوق ياشاپ كەلدىم . يالغۇزلۇق باغرىمنى ئەزدى . مەن ئۆلىۋالىمەن دىدى روخسار ئۆكسۈپ يىغلاپ .

ـ سىزنى بىر ئادەم تاشلاپ كەتكەن بولسا مىنى بىر ئائىلە ئادەم تاشلاپ كەتتى . سىز تىخى ياش . ياش ئادەم دىگەن تاياقىمۇ . مۇھتاجلىقىمۇ . بار يوققىمۇ چىدايدۇ . مەنچۇ ؟ ماڭا ئەمدى پۇرسەت يوق .مەڭگۈ پۇرسەت يوق ئادەمنى ئادەم تاشلىۋەتسە ھىچگەپ يوق لىكىن ئۆز ئۆزىنى قەدىرلەش كىرەك . خەقلەر تەرىپىدىن تاشلىۋىتلىش بەختسىزلىك ئەمەس . ئەڭ زور بەختسىزلىك ھىچكىمنىڭ سىزگە مۇھتاج بولماسلىغى . ھىچكىمنىڭ سىزنى ئىتبارىغا ئالماسلىغى . ئەگەر سىز تۇغسىڭىز بالىڭىز سىزگە مۇھتاج بۇلىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ھايات . سىز ئۇنى بىقىپ چوڭ قىلىسىز . بالىڭىز بۇلاقتەك كۆزلىرى بىلەن سىزگە تەلمۈرۈپ ئانا دەپ چاقىرغاندا ئاندىن ھاياتنىڭ قەدىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى چوقۇم ھىس قىلىسىز . سىز چۈشكۈنلىشىپ كىتىپسىز . چۈشكۈنلۈك بىلەن ھىچقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ . قاراڭ دۇنيا ۋاپاسىز . ئادەملەر ۋاپاسىز . بىر كۈنلەردە ھەممە نەرسە ئادەمنى تاشلاپ كىتىپ بىزنى يالغۇزلۇقنىڭ ئادەم قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قارا ئۆڭكۈرىگە بەنت قىلىپ قويىدۇ . ئاخىرى جانمۇ تەننى تاشلاپ كىتىپ بىزنى مەڭگۈلۈك يوقۇتۇش ۋە ئەبەدىيلىك جۇدالىققا مەجبۇر قىلىدۇ . لىكىن ھاياتنى ئۆزىنىڭ پەسلى بىلەن ئەھمىيەتلىك ياشاش كىرەك . مەن شۇڭا ئىت باققان . ئىت ئادەمگە قارىغاندا ئەقىدىسگە سادىق . مىنىڭ قولۇمدىن كىلىدىغىنى مۇشۇ . باشقا ئىش قىلالىغان بولسام ئاللىقاچان باشقىچە ياشاش ئۇسۇلىنى

تاللىۋالغان بولاتتىم . لېكىن قىرىپ كەتتىم . نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەنمۇ سىزدەك قىران يىگىت ئىدىم . مۇشۇنداق بولارنى چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەنمەن دېگەنچە رومكىغا قول ئۇزۇتۇپ بىر رومكا لىق تولالاپ ئىچىۋەتتى بوۋاي .

روخسار بوۋاينىڭ گەپلىرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىدى . بوۋاي قىرىغان بولسىمۇ لېكىن يىقىشلىق ئادەم ئىدى . گەپ سۆزلىرى جايىدا تەلەپپۇزى ناھايىتى جاراڭلىق چىقاتتى . ئىش قىلىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئادەم زېرىكمەي قالمايتتى .

بوۋاي پۈتۈن دەردىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاپىڭىز ئالامەت ئىسىل ئايالكەن . سىز ئۇنىڭ قىزى . سىز مېنىڭ قىزىم . مەندىن كېيىن قالسا مۇشۇ ئۆي جاي سىزگە قالىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن سىز مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ . مەن سىزنىڭ بالىڭىزنى باقاي . سىزنى ياتلىق قىلاي . بىز دادا بالا بولايلى قوشۇلامسىز دېدى بوۋاي ناھايىتى سەممىلىك بىلەن . روخسار ئۇنىڭ گېپىگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەيتتى . ياق ياكى ھەئە دېيشنى بىلمەي بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق سۇندى . بوۋاي ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ئۆزىنىڭ سەممى گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى . روخسار مەسلىھەت قىلاي دېگەنچە يەنە بىر دەم ئولتۇرۇپ بوۋاينىڭ ئالدىدا مەس بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆيىگە چىقىپ كەتتى .

نەچچە ئايدىن كېيىن روخسارنىڭ ئانىسى تۇيۇقسىز قازا قىلدى . بۇ چاغدا روخسارنىڭ قوسىقى خېلىلا پومپىيىپ قالغانىدى . بوۋاي ئۇنىڭغا قاراۋاتقان بولۇپ ئىككى ئاجىز بىر بىرگە مەدەتكار بولىۋاتاتتى . ئارقىدىن دادىسى ئۆلۈپ كەتتى بۇ چاغدا روخسار تۇغۇپ ياتقان ئىدى . روخسار ئورنىدىن تۇرغىدەك بولغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك قارىدى . ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . بانكا چىكىنى ۋە مەخپى نومۇرنى ئۇنىڭغا دەپ بىرىپ قانچىلىك لازىم بولسا ئىلىك دىگەندە روخسار نىمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى . بوۋاي خوشنا ئاياللاردىن مەسلىھەت سوراپ ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بولىدىغان تاماقلارنى ئىتىپ بىرىش ئۇچۇن تاماق ئىتىشنى ئۇگىنىۋىپ كۈندە ئاشخانا ئۆيدىن چىقمايتتى . بەزىدە پولو ئىتىمەن دەپ شۇۋىگۈرۈچ ئىتەتتى . ئىش قىلىپ كۈن بويى ھەركەت قىلىپ يۈرۈپ يەنە ئۇن نەچچە ياش ئارقىغا يانغاندەك بولۇپ قالدى بىر كۈنى بوۋاي يىگىتلەردەك ياسىنىپ سىرتقا چىقىپ كىتىپ چۈش بولاي دىگەندە قايتىپ كەلدى ئۇنىڭ قولىدا بىر دەستە ئاپپاق ئەتىرگۈل تۇراتتى ئۇ گۈلنى ئىلىپ كىلىپ ئۇخلاپ قالغان روخسارنىڭ بىشىغا قويۇپ قويۇپ يەنە چىقىپ كەتتى . روخسار كۆزىنى ئىچىپ گۈلنى كۆرگەندىن كىين مۇشۇ يىشىغا كىلىپ بىرەر ئەرنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاق ئەتىرگۈل سوۋغا قىلمىغانلىقىنى ئىسىگە ئىلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ئەگەر بىرەر ئەركەك ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىپ ماڭا تىگەمسىز دىگەن بولسا ئۇ ھىچقانداق سىلىقسىزلا ئۇنىڭغا تەگەن بولاتتى. تالاي كەچۈرمۈشلەرنى ئاتا قىلغان ھايات جەريانى ۋە ھىسسى جەريانلار ئۇنىڭغا ئادىدىلىقتىن ئىبارەت بۈيۈك بىر پەلسەپىنىڭ قىممىتى ۋە ھەققىتىنى ھىس قىلدۇرغاندى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلنى باغرىغا باسقانچە يىنىدا ياتقان ئوغلىغا قاراپ قويۇپ دەرىزىنىڭ تەكچىسگە قويدى . كۆڭلىدە ئەزەلدىن يۈز بىرىپ باقمىغان ھاياجان ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆزىنى تۇغۇلغاندىن بىرى ئەڭ بەختلىك منۇتلاردا ياشاۋاتقاندەك ھىس قىلدى . ئۇ گۈلنى جايىغا قويۇپ ھاياجان ئىچىدە بىر پەس ئۆيدە پىقىراپ يۈرگەندىن كىين بالا يىغلىدى . ئۇ بالىنى ئىمىتتى . بەختسىزلىكنى بەختكە ئايلاندۇرغان بالا ئۇنىڭ بىردىن بىر ئۈمىت چىرىغى بولۇپ قالغاندى . كۈن كەچ بولدى لىكىن بوۋاي قايتىپ كەلمىدى . ئۇ يىرىم كىچە بولاي دىگەندە ئىتىنىڭ توختىماي قاۋاۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ

كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بالىغا قاراپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى . پەلەمپەيىنىڭ يىنىدىكى قاراڭغۇلۇقتا بوۋاي تۈگۈلگىنىچە ئولتۇرغاندەك قىياپەت بىلەن يىتىپ قالغاندى .

روخسار بوۋايىنى مىدىرلاتتى لىكىن ئۇنىڭ ھەممە يىرى تەڭ مىدىرلىدى . ئۇ جان ئۈزگەندى . قولىدا بولسا ئۆيىنىڭ يەر خىتىنى مەھكەم تۇتىۋالغاندى . روخسار يىغلاپ نالە پەريات چىكىپ خوشنىلارنى ئاران چاقىردى . بۇۋاي ئەتىسى دەپنە قىلىندى . بىر ئۆيدە يالغۇز ياشاشقا ئۇ كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ بىچارە بوۋاي ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز قىزىدەكلا كۆيۈنگەندى . بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كىيىن روخسار بوۋاي ئۇنىڭغا بەرگەن گۈلگە پات پات قاراپ قوياتتى . گۈل ئاستا ـ ئاستا قۇرۇۋاتقان بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ كۆزىگە يەنىلا يۇمران كۆرىنەتتى . تالاي يىگىتلەر ئۇنىڭغا تالاي ئىشلارنى ۋەدە قىلغاندى . بىراق ھىچكىمىۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىسى ھەققىدە كىين بىر نىمە دىمىگەندى . لىكىن ھىچقانداق بىر ۋەدە ۋە مەجبۇرىيەت تۈيغۇسىنىڭ ئازاپلىشىغا ئۇچۇرىمايدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈردى . بەزىدە ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئازىدۇ . ئىغىز دىگەن نىمە ؟ ئۇ پەقەت يالغان گەپ قىلىش ئۈچۈن يارالغان تۆشۈك . شۇڭلاشقا ئادەملەرنىڭ گىپىگە ئەمەس قەلبىگە ئىشىنىش كىرەك . ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش كىرەك . ئۇ كارۋاتتىن تۇرغىدەك بولغاندا بالىسىنى ئەركىلىتىپ نەچچە كۈن باققاندىن كىين يۇرتىغا بىرىشنى ئويلىدى .

خەقلەرنىڭ ئۇنى نىمە دىيىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى . ئۇنىڭ ھازىر ئويلىغىنى پەقەتلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاش ئىدى . كىين ئۆيىنى قۇلۇپلاپ يۇرتىغا ماڭدى . بىر قولىدا گۆل بىر قولىدا قۇرىغان ئاپپاق ئەتىرگۈلنى تۇتقان روخسار ئاتا ئانىسىنىڭ قەبرىسىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن

ئېشىپ كەتكەندى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن گۈلنى ئاۋايلاپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ بىر ئۆزۈن خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا ياندى شۇ تاپتا كائىنات قان رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ ئۇنى نەگە باشلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . لېكىن بىر دەستە ئەتىرگۈل . ئانىسىغا ھەم ئۆزىگە تەۋە بولغان بىر دەستە ئەتىرگۈل ئۇنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ سولمايتتى . ھاياتىنىڭ بىر چىمدىم پاكلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گۈل ئۇنى يېڭى بىر ھاياتقا . يېڭى بىر يولغا باشلايتتى .

ئېلكىتاپ ياسىغۇچى: ئەزىز

